# ئىزدىنىش

(تاللانما)

2 1997

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1997-يىل 2-سان

(ئومۇمىي 104-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1996-يىللىق 22-، 23-، 24-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر، پۇختا، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى ........................ خۇ جىنتاۋ(2)**

**تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى ........................ ۋۇ باڭگو(17)**

**ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى**
—دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىرات ... **لى تيېيىڭ(34)**

**★2-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# يېزا ئاساسي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر، پۇختا، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى*

خۇ جىنتاۋ

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»دا مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسىتىلدىكى، ”ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچىمۇ پارتىيىدە.“ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ياخشى يولغا قويۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە تەشكىلىي كاپالىتى. بىز يېڭى ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەرگە ۋە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى قەتئىي بوشاشماي تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-، 5-، 6-ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ پۇختا، ئۈنۈملۈك ھالدا ئالغا سۈرۈشىمىز كېرەك.

## 1. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بۇ خىزمەتنى پۇختا ۋە ياخشى تۇتۇش كېرەك

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مەخسۇس ئەترابلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى، ھەممە ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدە ئارقىدا قالغان كەنتلەرنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىشنى تەلەپ قىلدى. ھازىر مەركەزنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى يولغا قويۇلغىنىغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى، مۇشۇ ئىككى يىللىق خىزمەتنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مۆلچەرلەشكە توغرا

---

* بۇ—يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ 1996-يىل 10-ئاينىڭ 25-كۈنى مەملىكەتلىك يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

كېلىدۇ. ھەرقايسى جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى مۇنداق ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرى، بەتتىجە روشەن، ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى؛ يەنە بىرى، ۋەزىپە يەنىلا ناھايىتى ئېغىر، ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ ھەسسىلەپ تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش لازىم.

ئىككى يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملەر مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، يېتەكچى ئىدىيىسى روشەن، قوللانغان تەدبىرلىرى كۈچلۈك بولدى، خىزمەت ئوڭۇشلۇق، ساغلام ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەملىكەت بويىچە يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل بولۇپ، ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى مۇنداق:

**بىرىنچى، پارتكوملار يۇكسەك ئېتىبار بېرىپ، دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە يېتەكلەشنى ئومۇمىي خىزمەتنىڭ تۈتقىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلدى.** ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىدە، ئادەمدە ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشى پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىپ باردى، شۇڭا ئۇلار يېزا ئىگىلىكىنى ۋە يېزا ئىقتىسادىي خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇشقىمۇ تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ”دېھقانلارنى بېيىتىشنىڭ ھالقىسى ياخشى بىر ياچېيكىنىڭ بولغانلىقىدا“، ”ئىقتىسادنى چۆرىدىگەن ھالدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك“ دېگەن تونۇشلار كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى. بىرمۇنچە جايلاردا پارتكوملار مەركىزىي ۋەزىپىگە بىرلەشتۈرۈپ بوشاشماي تۇتىدىغان، پارتكوم شۇجىلىرى باشلامچىلىق بىلەن تۇتىدىغان، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇپ تۇتىدىغان، ئالاقىدار تارماقلار بىرلىكتە تۇتىدىغان خىزمەت ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. بۇنىڭغا پارتكوممۇ، ھۆكۈمەتمۇ خېلى كۆپ ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سالدى. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار بولغان جامائەتچىلىك يېتەكچىلىكى ۋە تەشۋىقات خىزمىتىمۇ داۋاملىق كۈچەيتىلدى.

**ئىككىنچى، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ۋە پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بىر تۈركۈم پارتىيە ياچېيكىسى شۇنداقلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستا بولۇۋاتقان بىر تۈركۈم كەنتلەر مەركەزلىك ھالدا تەرتىپكە سېلىنىپ، كۆپ قىسمىنىڭ قىياپىتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزگەردى.** مەملىكەت بويىچە ئۈچ يىللىق تەرتىپكە سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئارقىدا قالغان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدىن جەمئىي 141 مىڭى بولۇپ، يېزىلاردىكى پارتىيە ياچېيكىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 19.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئىككى يىلدىن بېرى تەرتىپكە سېلىنىپ بولغان كەنتلەر جەمئىي 127 مىڭغا يەتكەن. يىقىندا 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر-بىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئارقىدا قالغان كەنتلەرنىڭ 80 پىرسەنتتىن ئارتۇقىدا تەرتىپكە سېلىنىش ئارقىلىق ئىلگىرىلەشلەر بولغان، بەزىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى خېلى زور بولغان. مۇشۇ ئىلگىرىلەشلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت: پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ”ئىش بېجىرىدىغان ئادەم بولۇش“ مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولدى. ئىقتىسادنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ۋە كوللېكتىپ ئىقتىسادىنىڭ

ئەمەلىي كۆچىنىڭ زورىيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، نۇرغۇن جايلار خېلى كۆپ مىقداردىكى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى سېلىپ نامرات كەنتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار-يۆلەك بولدى، ھەممە ئۈنۈمى ئۈنۈمىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بەزى قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ۋە شۇ جاينىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بەزى جىددىي مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. بولۇپمۇ مالىيىنى ئېنىقلاش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى ياخشىلاش ۋە تاغلارنى بويسۇندۇرۇش، دەريالارنى تىزگىنلەش، ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، يول ياساش، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلار ئېلىپ بېرىلىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل بولدى.

**ئۈچىنچى، "بەش ياخشى بولۇش" نىشانى بويىچە ئومۇمىي دائىرىدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىجابىي تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى.** كۆپ ساندىكى جايلار ھالىلىق كەنت بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇپ، زور بىر تۈركۈم ئىلغار پارتىيە ياچېيكا تىپلىرىنى تىكلىدى ۋە تەقدىرلىدى، ئۇلارنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش، تەسىر كۆرسىتىش ۋە ياردەملىشىش-يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇردى. بەزى جايلار يەنە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئوتتۇرىدا قالغان پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىشقا، سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەردى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇلدى، «كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلدى. كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ياخشىلاندى ۋە كۈچەيتىلدى.

**تۆتىنچى، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە بىرقەدەر زور ئىلگىرىلەش بولدى.** ئىككى يىلدىن بېرى، ھەرقايسى جايلار يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەريانىدا يېزا دەرىجىلىك، كەنت دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلاردىن جەمئىي 885 مىڭ كىشىنى، پارتىيىلىك تايانچلاردىن 11 مىليون 97 مىڭ كىشىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. بەزى جايلاردا ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار دەرىجە بويىچە مەسئۇل بولۇپ، بىرلىكتە قول سېلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشىنى تۇتتى. بەزى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك پارتكوملار يېزىلارنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرىنى بىۋاستە تەربىيىلىدى، تەربىيىلەش داۋامىدا، ھەم ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى نۇقتىلىق تۇتتى، ھەم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر بىلىملەرنى، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتتى.

**بەشىنچى، يېزا-بازارلىق پارتكوملارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرتىپكە سېلىنىش ئىشى پەيدىنپەي قانات يايدۇرۇلماقتا.** ئۆتكەن يىل كۆپلىگەن جايلار يېزا-بازارلىق پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا بىرلەشتۈرۈپ، پىلانلىق ھالدا رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە تولۇقلاپ، ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ۋە خىزمەت تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەر يەنە يېزا-بازارلىق پارتكوم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

ئىككى يىللىق خىزمەتلەر ئارقىلىق، كەڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، بولۇپمۇ بىر تۈركۈم ئارقىدا قالغان كەنتلەردىكى پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ گۈيپىنچىسى كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

ئۇيۇشتۇرۇش كۆچىنى، دېھقانلار ئاممىسىغا بولغان چاقىرىق كۈچىنى، يېزىلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئىشلىرىدىكى جەڭگىۋار كۈچىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ ۋە ئاشۇرۇپ، شۇ جايلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى جارى قىلدۇردى. بۇ يىل ئالاھىدە چوڭ كەلكۈن ئاپىتى ۋە ھۆلچىلىك ئاپىتىنى يېڭىش كۈرىشىدە، پارتىيە ياچېيكىلىرىنى يادرو قىلغان يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار سىناقلاردىن ئۆتۈپ، جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ۋە ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى، بۇ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىكى تەرتىپكە سېلىنىش ۋە قۇرۇلۇش خىزمىتىنى سىنىغانلىق بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. پاكىتلار تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مەركەزنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئارقىدا قالغان كەنتلەرنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى تەدبىرلىرى تامامەن توغرا.

يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرتىپكە سېلىنىش ئىشلىرىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر بىلەن ئىلگىرىلەشلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى مەركەزنىڭ تەلىپىگە سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا كىچىك ئەمەس، ۋەزىپە خېلىلا مۇشكۈل. ئارقىدا قالغان كەنتلەردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ئۈچىنچى تۈركۈمدە تەرتىپكە سېلىنىدىغانلىرى ھەم ئالدىنقى ئىككى تۈركۈمدە تەرتىپكە سېلىنىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتەلمىگەن، يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىشقا توغرا كەلگەنلىرى جەمئىي 22900دىن ئاشقان بولۇپ، سان مىقدارى ئاز بولغىنى بىلەن خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى تۆۋەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۇزاق مۇددەت ئارقىدا قېلىۋاتقان، مەسىلىسى ھەل بولماي كېلىۋاتقان كەنتلەر بولۇپ، تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ "مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش"قا توغرا كېلىدۇ؛ يەنە بەزى كەنتلەر تەرتىپكە سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئەسلى ھالەتكە كېلىپ قالدى، مۇشۇ كەنتلەردىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىرقەدەر زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى بولغان كەنتلەردىن قارىغاندىمۇ نەتىجىسى تەكشى ئەمەس، خېلى بىر قىسمىلىرى "ئىش بېجىرىدىغان ئادەم بولۇش"، "ئىش بېجىرىدىغان پۇل بولۇش" تەلىپىنى دەسلەپكى قەدەمدىلا ئىشقا ئاشۇرغان، سەۋىيىسى تېخى يۇقىرى ئەمەس؛ بەزى كەنتلەردە ئىش بېجىرىدىغان ئادەم بولۇش تەلىپىلا ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىش بېجىرىدىغان پۇل بولۇش تەلىپى تېخى ئىشقا ئاشۇرۇلمىغان، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەش، يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىشىنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھالەتتە تۇرۇۋاتقان كەنتلەرنىڭ سانى ئاز ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىدە بەزى كەنتلەردە تېزدىن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئاز ئەمەس، دىققەت قىلىنمايدىغان بولسا، چېكىنىپ كېتىش ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە ئىلغارلار قاتارىدا تۇرۇۋاتقان كەنتلەرنىڭمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىسى بار. يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمىتىگە كەلسەك، ئۇ تېخىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۈل ۋەزىپىدۇر. مۇشۇ ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۈچ يىللىق تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسىنى بىرقەدەر ئوبدان ئورۇنداپ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەنىلا غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ھەم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئىككى

يىللىق خىزمەت نەتىجىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۇرۇشىمىز، ھەم سەگەكلىك بىلەن ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرۈشىمىز، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. ئەگەردە مەسىلىلەرگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىماستىن، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قالىدىغان بولساق، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرتىپكە سېلىنىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىيالماي قالىمىز.

بولۇپمۇ شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرماقتا. مەيلى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىن قارىمايلى، ياكى دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا رىقابەتتىكى پايدىلىق مەۋقەسىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىش جەھەتتىن قارىمايلى، يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى كۈچەيتىپ، يېزا خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، 900 مىليون دېھقاننى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەش ئىنتايىن مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكى گۈللەنسە، پۈتۈن مەملىكەت گۈللىنىدۇ؛ دېھقانلار بېيىسا دۆلەتمۇ بېيىدۇ؛ يېزىلار تىنچ بولسا، جاھانمۇ تىنچلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە، 9-بەش يىللىق پىلاندىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە نامراتلىق ئىستېھكامىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز قەرەلىدە ئورۇنداپ، يېزىلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز، بۇ ئىنتايىن مۈشكۈل ۋەزىپىدۇر. 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 900 مىليون دېھقاننىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەڭ يېزىلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋەزىپىسىمۇ خېلىلا ئېغىر ۋەزىپىدۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى يېڭى ۋەزىپە ۋە يېڭى سىناققا دۇچار قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە تەرتىپكە سېلىنىش خىزمىتى-نى ياخشى ئېلىپ بېرىشتىكى مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. قىسقىسى، بىز چوقۇم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى، مۈشكۈللۈكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز، ھەمدە شۇ ئاساستا يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى، مۈشكۈللۈكىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى تۈتمىسا بولمايدۇ، بىر مەھەل تۇتۇپ، بىر مەھەل توختىتىپ قويۇشقا، بىر مەھەل چىڭ تۇتۇپ، بىر مەھەل بوش تۇتۇپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، بوشىشىپ قالىدىغان، زېرىكىلىندىغان ۋە قىيىنچىلىقتىن قورقىدىغان كەيپىياتلاردىن ھەقىقىي ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ مېڭىشقا يېتەكلەش ۋە يېزىلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، بۇ ھالقىلىق خىزمەتنى باشتىن ئاخىر قىلچە تەۋرەنمەستىن، قەتئىي بوشاشماستىن چىڭ ھەم ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم.

## 2. "بەش ياخشى بولۇش" نىشانىنىڭ تەلىپىدە ئومۇميۈزلۈك چىڭ

# تۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇمىي خىزمەتنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەت بىلەن ئورۇنداش كېرەك

مەركەزنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى ئىدىيىسى، نىشان-تەلەپلىرى، فاڭجېن-سىياسەتلىرى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ئېنىق بەلگىلەنگەن، ئىككى يىللىق تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇلۇش خىزمىتى ئارقىلىق بەزى تەجرىبىلەر توپلىنىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە ياخشى ئاساس سېلىندى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىشنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بويىچە ئىلگىرى سۈرۈپ، كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-، 5- ۋە 6-ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ۋە مەملىكىتىمىز يېزىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۆرىدەپ، ئىشلەنگەن خىزمەت ئاساسىدا، "بەش ياخشى بولۇش" نىشانىنىڭ تەلىپىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر، پۇختا، ئۇزاقىچە ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. بولۇپمۇ كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

مەركەزنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى "بەش ياخشى بولۇش" نىشانىغا يەتكۈزۈشنى بەلگىلىشى ھەم مەملىكىتىمىز يېزا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، ھەم يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىي نىشانىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى. ئەمەلىيەت بۇنىڭ يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە پۈتۈنلەي ماس كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. پەقەت "بەش ياخشى بولۇش" نىشانىنىڭ تەلىپىدە ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋار كۈچىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش داۋامىدا، "بەش ياخشى بولۇش"نىڭ مەزمۇنىنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەت بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ياخشى بەنزە دېگەنلىك، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت كومىتېتى بەنزىسىنى ياخشى قۇرۇش، بولۇپمۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا ياخشى بىر شۇجىنى تاللاپ سەپلەش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، پاك-غۇبارسىز، ئادىل، ئىقتىدارلىق، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئامما ھەقىقىي ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ رەھبەرلىك بەنزىسىگە قويۇش كېرەك. پارتىيە ياچېيكىسى ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشقا يېتەكلەپ، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلىنىشى كېرەك. كەنت كومىتېتى يېزىلارنىڭ

ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئىشلىرىدا ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئۆز-ئۆزىگە خىزمەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ياخشى قوشۇن دېگەنلىك، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، ئاما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، يېزا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاش، يېزىلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى پارتىيىنىڭ ياردەمچىسىلىك ۋە زاپاس قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. ياخشى يول دېگەنلىك، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئەۋزەللىكىنى چىقىش قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يىراق كەلگۈسى نىشانى ۋە تەرەققىيات يولىنى بەلگىلەپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش، نامرات رايونلارنىڭ بەلگىلەنـگەن مۇددەت ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، دېگەنلىكتۇر. ياخشى تۈزۈلمە دېگەنلىك، ئائىلىلەرگە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە قوش قاتلاملىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاشتا چىڭ تۇرۇپ، كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقىنى ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، كوللېكتىپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش جەھەتتە ئاجىز بولغانلىرىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ماددىي كۈچ، تېخنىكا، ئۇچۇر قاتارلىق جەھەتلەردە ئامىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. ياخشى تۈزۈم دېگەنلىك، يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر يۈرۈش ئاساسىي تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. ھېچ بولمىغاندا، پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت كومىتېتىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى، كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى، مۇھىم كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى، كەنت كادىرلىرىنىڭ پاك، تەلەپچان بولۇش تۈزۈمى، كەنت ئاھالىلىرى ۋە كەنت ئاھالە ۋەكىللىرىنىڭ چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىش ۋە كەنت كادىرلىرىنى باھالاش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەر بولۇشى كېرەك، قانۇن بويىچە تۈزۈم تۈزۈشنى، تۈزۈم بويىچە كەنتلەرنى ئىدارە قىلىشنى، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى قەدەممۇقەدەم تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش يولىغا سېلىش كېرەك. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، ”بەش ياخشى بولۇش“—بىر مۇكەممەل بولغان نىشان سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇرۇش كېرەك. مۇھىمى ”ئىش بېجىرىدىغان ئادەم بولۇش“، ”ئىش بېجىرىدىغان پۇل بولۇش“تىن ئىبارەت ئىككى مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش، بۇ ئىككى نۇقتىلىق مەسىلىنى تۇتۇش ۋە ياخشى ھەل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر تەرەپلىمىلىك قىلماسلىق كېرەك.

”بەش ياخشى بولۇش“ نىشانىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئالدى بىلەن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئارقىدا قالغان كەنتلەرنىڭ تەرتىپكە سېلىنىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. بۇ، ھېلىھەم تۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم نۇقتىدۇر.

بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپە ئىنتايىن مۇشكۇل بولۇپ، خىزمەتنىڭ كۆچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، كونكرېت يېتەكچە-لىكنى كۈچەيتىش زۆرۈركى، قىلچىمۇ بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئارقىدا قالغان كەنتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى نامرات، چەت-ياقا رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، شارائىتى ناچار، قىيىنچىلىقى كۆپ، خىزمەتتىكى قىيىنچىلىق چوڭ. لېكىن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن كېلەر يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇن بۇ كەنتلەرنى تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسىنى سۈپەت، سانغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئورۇنداش كېرەك. مەسىلىسى ھەل بولماي كەلگەن كەنتلەر، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۇزاققىچە ئارقىدا قالغان، قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولمىغان كەنتلەرنىڭ، كادىرلىرى ئېغىر دەرىجىدە ساپ، ئادىل بولمىغان، كادىرلار بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك بولغان كەنتلەرنىڭ، قەبىھ كۈچلەر، قانۇنسىز دىنىي كۈچلەر ۋە ئۇرۇقداش كۈچلەر كەنت ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقان جايلارنىڭ مەسىلىسىنى ئاخىرغىچە تۇتۇش، توپ جەھەتتىن ھەل قىلىش كېرەك. تەرتىپكە سېلىنىپ بولغان بارلىق كەنتلەر ئالدى بىلەن ”ئىش بېجىرىدىغان ئادەم بولۇش، ”ئىش بېجىرىدىغان پۇل بولۇش“ جەھەتتە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشى كېرەك. مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يۈزەكى ئەمەس بەلكى ئەستايىدىللىق بىلەن قاتتىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش لازىم، تەلەپكە يەتمىگەن بولسا، يېزىغا چۈشكەن كادىرلار قايتىپ كېتىشكە، كەنتنى ھۆددىگە ئالغان تارماقلار ئالاقىنى ئۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ. ئالدىنقى ئىككى يىلدا تەرتىپكە سېلىنىپ بولغان كەنتلەرنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تەرتىپكە سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئەسلىگە قايتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن كەنتلەرنى يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىش لازىم. ئارقىدا قالغان كەنتلەرنى نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇمىي دائىرىدىكى خىزمەتكە بولغان كونكرېت يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، يېزىلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش، تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچ چىقىرىپ 700 مىڭدىن ئارتۇق كەنتنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى دېھقانلار ئاممىسىنى تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ بېيىش، ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ مېڭىشقا يېتەكلەپ، يېزىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇستەھكەم قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يېزا-بازارلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرتىپكە سېلىنىشىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش كېرەك. يېزا-بازارلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش ھەم يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ھەم كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ تەرتىپكە سېلىنىش ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. يېزا-بازارلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇش مەسىلىسىنى بولۇپمۇ رەھبەرلىك بەنزىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، زۆرۈر تېپىلغاندا، تەشكىلىي جەھەتتىن مەلۇم تەڭشەش تەدبىرىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن كۆپ سانلىق يېزا-بازارلىق پارتكوملارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىمى يەنىلا ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇش ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسىدۇر. ئارقىدا قالغان كەنتلەرنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، يېزا-بازار كادىرلىرىنىڭ ئىنكاس قىلىنغان ۋە پاش قىلىنغان مەسىلىلىرى گەۋدىلىك بولغان جايلارغا نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلات ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئېنىقلاپ، بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. يېزا-بازارلىق پارتكوم قۇرۇلۇشىنى تۇتقاندا، مۇشۇ دەرىجىدىكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ مەسىلىسىنى،

بولۇپمۇ يېزىلاردىكى "يەتتە ئورۇن، سەككىز پونكىت" پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان ناتوغرا ئىستىللارنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ، يېزا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن، دېھقانلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.

**3. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى مەركىزىي خىزمىتىنى يىقىندىن چۆرىدەپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش ئىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك**

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا، پائال ئىزچىللاشتۇرۇش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۇغۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشتە، باشتىن ئاخىر پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە يېزا پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى يېزىلاردىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشكە تېخىمۇ ياخشى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئورتاق بېيىشنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنى ئىگەللەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

**بىرىنچى، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، باشتىن ئاخىر يېزا ئىقتىسادىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.** باي، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشتا، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، تەرەققىياتقا تايىنىشقا، ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىكى بۇرۇلۇشنى قەتئىي ئالغا سۈرۈش كېرەك. بۇ—پۈتۈن پارتىيىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، شۇنداقلا يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭمۇ تۈپ ۋەزىپىسى. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئائىت ھەممە خىزمەت پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي نىشانىغا بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشى، يېزا ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا، مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە دېھقانلار كىرىمىنىڭ پىلان بويىچە يېڭى سەۋىيىگە يېتىشىگە، يېڭى بىر بالداق ئۆرلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**ئىككىنچى، ئارقىدا قالغانلارنى تەرتىپكە سېلىشنى نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكنى تەرەققىي**

**قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.** مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكىتىمىز بويىچە نامرات ئاھالىلەرنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش—پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن بەلگىلىگەن ستراتېگىيىلىك نىشاندۇر. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىردى. مەيلى ۋەزىپە قانچىلىك جاپالىق، ۋاقىت قانچىلىك قىس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم بۇ ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئۇتۇپ چىقىشىمىز، بۇ قاتتىق سۆگەكنى غاجاپ تۈگىتىشىمىز لازىم. نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشتا، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئامىنى باشلاپ جاپالىق ئىشلىشى، ئەمەلىي ئىشلىشىگە تايىنىش كېرەك. نامرات رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قەيسەر، كۈچلۈك بولغاندىلا، ئاندىن ئامىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ، غايەت زور ئىقتىدارىنى ئۇرغۇتۇپ، نامراتلىق قىياپىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئەگەر نامرات رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ئاجىز بولسا، تاشقى شارائىت ھەرقانچە پايدىلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەرلەرنى نامراتلىقتىن تۈپتىن قۇتۇلدۇرۇش قىيىن بولىدۇ. تاشقى كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن ئىقتىسادى بىر مەھەل يۈكسەلدۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ مەسىلىسى ياخشى ھەل قىلىنمىسا، نامراتلارنى يۆلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش تەس بولىدۇ، بېيىش، ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ مېڭىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم؛ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئىشى نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم. نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش بىلەن يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە قۇرۇلۇشىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش كۈچ ئۈيۈشتۇرۇپ، تەڭ قەدەمدە خىزمەت ئېلىپ بېرىش لازىم.

**ئۈچىنچى، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.** پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنىدا يېڭى ۋەزىيەتتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى، يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇنى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. يېزىلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە دېھقانلار كىرىمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى جەھەتتە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىشى كېرەك. شۇڭا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا، ئالدى بىلەن ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان، ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇش“تا چىڭ تۇرالايدىغان رەھبەرلىك بەنزىسىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. يېزا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشنى بىر ئامال قىلىپ دېھقانلار ئاممىسىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە ۋە پەن-مەدەنىيەت تەربىيىسىنى ياخشىلاپ، كۈچەيتىپ،

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنى، ئاممىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنى قەتئىي ھالدا ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنى بېيىغاندا دۆلەتنى، جەمئىيەتنى، كوللېكتىپنى ئۇنتۇماي، يۇقىرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئالدىلىق ئادا قىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىدىغان قىلىش لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ئىدىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن يېزىلارنىڭ ئىدىيە-مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەم ئىگەللەپ، دېھقانلارنىڭ گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، مەدەنىيەتلىك بىلەن نادانلىقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش لازىم. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ مېڭىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى نىشان قىلىپ تۇرۇپ، مەدەنىيەتلىك كەنت-بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش، قانۇن، نىزاملارنى ئاساس قىلىپ، يېزا قائىدىسى، جامائەت ئەھدىنامىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، پىلانلىق تۇغۇت، يەرلەرنى تېجەش، مۇھىت قۇرۇلۇشى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

## 4. ئىدىيىۋى-سىياسىي سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتۇش لازىم

يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش—پۈتۈن پارتىيىنىڭ بىردەممۇ كېچىكتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىسى. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، يۇقىرى سۈپەتلىك يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ھەل قىلغۇچ ھالقا ۋە يېتىش شەرت بولغان نىشان قىلىش لازىم. كۆپلىگەن پاكىتلار بىزگە، نىشانى توغرا، تەرەققىياتى تېز، خەلقىنىڭ رايىغا مايىل، خىزمەت ئاساسى ياخشى يېزا، كەنتلەردە، مۇھىمى ياخشى ياچېيكا، بولۇپمۇ ياخشى ياچېيكا شۇجىسى بولغانلىقتىن، بەنزىنى ياخشى يېتەكلىگەنلىكىنى، قوشۇنىنى ياخشى يېتەكلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كونا ئىلغارلاردىن يېڭى تۆھپە قوشقان بىر قىسىم تىپىك شەخسلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا شۇ سەۋەبچى بولغان، بىر قىسىم ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن ئۈلگىلىك كەنتلەرنىڭ يېڭىدىن مەيدانغا كېلىشىگە شۇ سەۋەبچى بولغان، مەسىلىسى كۆپ، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن بىر قىسىم كەنتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغىمۇ شۇ سەۋەبچى بولغان. خۇددى بەزى يولداشلار ئېيتقاندەك، ”يېزىلاردا، ياچېيكا كۈچلۈك بولسا، ھەممە كىشى كۈچ-قۇۋۋەت تاپىدۇ؛ كوللېكتىپ بېيىسا، ھەممە كىشى بېيىدۇ؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ رولى ياخشى بولسا، ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ“. بىزنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىمىز، ئومۇمەن ئېيتقاندا ياخشى، ئىشەنچلىك بولىدۇ. كەڭ يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقانلار ئاممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ مېڭىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن، ئۇزاقتىن بۇيان بىرىنچى سەپتە كۈرەش قىلىپ، زارلانماي، ھاردىم-تالدىم دېمەي، جان-دىلى بىلەن كوللېكتىپ ئۈچۈن ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. شى لەيخې، جاڭ جېنلياڭ، ۋۇ رېنباۋ، ۋاڭ تىڭجياڭ قاتارلىق يولداشلار ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاتاقلىق ۋەكىللەردۇر. يېزا

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ۋە ئالغا باسقانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈش لازىمكى، بۇ قوشۇندا يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر بىلەن لايىقلىشالمايدىغان بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا، مەيلى ئىدىيىۋى-سىياسىي سۈپەت جەھەتتە بولسۇن، دېھقانلار ئامىسىنى يېتەكلەپ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ۋە بىلىم سەۋىيىسى جەھەتتە بولسۇن، ياكى خىزمەت ئىستىلى، خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە بولسۇن، ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى تېزلىتىش، يېزا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنداق ياكى مۇنداق يېتەرسىزلىكلەر بار. شۇڭلاشقا، چوقۇم رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ يولى، مەڭگۈلۈك كاپالىتى سۈپىتىدە زور كۈچ بىلەن ھەقىقىي يوسۇندا چىڭ ھەم ياخشى تۇتۇش، يېزا-كەنت دەرىجىلىكتە پەيدىنپەي سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، ئىدىيە جەھەتتە ياخشى، پاك-دىيانەتلىك، ئادىل-قابىلىيەتلىك، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىيالايدىغان، دېھقانلار ئامىسىنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا يېتەكلىيەلەيدىغان كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم.

يېزا ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش ھالقىسىنى ياخشى تۇتۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى نۇقتىلىق تۇتۇش لازىم. نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە تىرىشىش لازىم: بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېن-سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش شارائىتىدا، كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش غايىسى ۋە ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ئىستىلى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى ئىگەللىۋېلىپ، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇش، راست گەپ قىلىش، سەممىي ئىش قىلىش، سەممىي ئادەم بولۇشتا چىڭ تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش؛ ئۇلارنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئامما بىلەن گۆش بىلەن قاندەك زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، پائال تۈردە ئاممىغا ياخشى ئىشلارنى، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، ئامما بىلەن راھەتتىمۇ، جاپادىمۇ بىللە بولۇشىغا، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش قاتارلىق چىرىك ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يېڭىشكە ياردەم بېرىش؛ ئۇلارنىڭ تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى ئىگەللىۋېلىپ ۋە ئىشلىتىپ، پارتىيىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

ئۆزىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى، ئۆز-ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى ۋە ئىنتىزامغا، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلىمى، پەن-تېخنىكا بىلىمى ۋە قانۇن بىلىملىرى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ياساش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلار ئاممىسىنى ئىككى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ مېڭىش ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش لازىم.

مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇ— يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا نۆۋەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك جىددىي، مۇھىم ئىش. بىرقانچە يىللىق خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ياشنىپ كېتىش ئەھۋالى پەسەيدى، ئەمما تۈپتىن ئۆزگەرگىنى يوق. ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كەڭ يول ئېچىپ، ئىختىساسلىقلارنى بايقاپ، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئىدىيىۋى-سىياسىي سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى، ئەمەلىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلەيدىغان ھەققىي ماھارىتى بار، ئاممىنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر ياش يولداشلارنى ۋاقتىدا تاللاپ يېزا ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىش لازىم. يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇش، چەكلەپ تۇرۇش مېخانىزمىنى چىڭ تۇتۇپ بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. سىياسىي جەھەتتە ئۇلارغا يۈكسەك دەرىجىدە ئىشىنىش، خىزمەت جەھەتتە پائال ياردەم بېرىش، تۇرمۇش جەھەتتە قىزغىن كۆيۈنۈش لازىم. ئادىل، پاك، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان، ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كادىرلارنى تېخىمۇ قوللاش ۋە مۇكاپاتلاش لازىم.

## 5. پارتكوم پارتىيە قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى تۇتىدىغان رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم

يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئومۇمىي ۋەزىيەتكە، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش بولۇپ، ئۇنىڭغا مەركەزدىن جايلارغىچە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوملار ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلەر قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە رەھبەرلەر تۇتۇش، رەھبەرلەرنى تۇتۇش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، بولۇپمۇ ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوملار تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ھەققىي ئادا قىلىپ، رەھبەرلىكنى ئەستايىدىل كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتكىلى، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى خىزمەت سەۋىيىسىنىمۇ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بارغىلى بولىدۇ.

پارتكوم پارتىيە قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان، شۇجى باشلامچى بولۇپ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتىدىغان

مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، "پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى"نى يولغا قويۇش ئارقىلىق، "ئاچقۇچ پارتىيىدە" دېگەن ئىدىيىنى خىزمەت تۈزۈمىگە ئايلاندۇرۇپ، پارتكوم ۋە پارتكوم شۇجىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇشى، پارتىيە ئىشلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك دېگەن تەلەپنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ مۇھىم بىر ئىلگىرىلەش، شۇنداقلا مۇھىم بىر تەجرىبە، بۇنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش، داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك. پاتكوم ۋە شۇجى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتمىسا، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ؛ پارتكوم ۋە شۇجى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتمىسا، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولىدۇ. ھازىر بەزى جايلاردا پارتكوم پارتىيە قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تېخىچە تولۇق ئورنىتىلمىغان ياكى ھەقىقىي يولغا قويۇلمىغان، بەزى جايلاردا تۈزۈم بولغان بىلەن مەسئۇلىيەت ئېنىق بولمىغان ياكى مەسئۇلىيەت بەلگىلىمىسى بولسىمۇ بىراق تەكشۈرۈش، سىناش ئۆلچىمى كەمچىل؛ بەزى جايلاردا تۈزۈم بەلگىلىمىسى بىر قەدەر مۇكەممەل بولسىمۇ، بىراق قەغەز ئۈستىدىلا قېلىپ، ئەستايىدىل يولغا قويۇلمىغان. بۇنداق ئەھۋاللارنى تېزدىن ئۆزگەرتىش لازىم.

ھەرقايسى ساھەلەردىكى كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى تۇتىدىغان بىرىكمە كۈچنى ھاسىل قىلىش كېرەك. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى پۈتۈن ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ھەممە تەرەپكە چېتىلىدۇ، شۇڭا پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇپ زىچ ھەمكارلىشىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇشى كېرەك. بۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە بولۇپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان-تارماقلار كەنتلەرگە ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويۇش كېرەك، بۇ ئورگان-تارماقلار ھەم تەرتىپكە سېلىشنى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشقا مەسئۇل بولۇشى، نامراتلارنى يۆلەشنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەسئۇل بولۇشى، قىياپىتىنى ئۆزگەرتمىگىچە كەتمەسلىكى كېرەك. تارماقلار كەنتلەرگە ياردەم بېرىشتە مەسئۇل بولىدىغان رەھبىرىي كادىرلار بولۇشى، تۆۋەنگە چۈشۈپ خىزمەت ئىشلەيدىغان مەخسۇس خادىملار بولۇشى كېرەك. رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىدىن بىرى ئۆز خىزمىتى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. كەنتلەرگە ياردەم بېرىشكە مەسئۇل بولۇش تارماقنىڭ فونكسىيىسىنى ئادا قىلىش بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئايىماي كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ ئارقىدا قالغان كەنتلەرنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى ۋە يېزىلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئورگانلارنىڭ ئىستىلىنى ئۆزگەرتىشكە، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا ۋە ياش كادىرلارنى چېنىقتۇرۇشقىمۇ پايدىلىق.

دائىم يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېزا خىزمىتى ۋە ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇش سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈش كېرەك. مەيلى قايسى خىزمەتنى

ئىشلەشتە بولسۇن، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈ-رۈش لازىم. يېزا خىزمىتىگە ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىمۇ ئەنە شۇنداق قىلىش كېرەك. رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇنداق ئۈچ ئاساسىي يولى بار: بىرىنچى، مارك-سىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش ھەمدە ئۇنى ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا تەتبىقلاش كېرەك. ئىككىنچى، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى دائىم بايقاپ تورۇش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەينەك قىلىش لازىم. ئۈچىنچى، ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز ئورنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ كېڭەيتىشكە ماھىر بولۇپ، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىپ تۇرۇش، يېڭى تەرەققىياتقا ئىگە بولۇپ تۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى، بولۇپمۇ يېڭى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردىكى پارتىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، يۆتكىلىپ تۇرغان پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيىلەش، باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا يەكۈنلەپ كېڭەيتىش كېرەك.

دۆلىتىمىز ھازىر ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم مەزگىلدە تۇرماقتا. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە پارتىيە قۇرۇلۇشىغا قارىتا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قودى، شۇنداقلا يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تورلۇك چوڭ-چوڭ تەدبىرلىرىنى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ئاكتىپ ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر، پۇختا، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، يۈز مىليونلىغان دېھقانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ مېڭىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن، سوتسىيا-لىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز لازىم.

**رىسالەت ئابلا**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار:ئادالەت مۇھەممەت**

**خۇدابەردى خېلىل**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى

ۋۇ باڭگو

بۇ يىل 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ بىرىنچى يىلى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە ھەرقايسى تارماقلىرى پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ، ئۆتكەن يىلقى مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پۇل پاخاللىقىنى يەنىمۇ تىزگىنلەپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ۋە ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئالدىنقى توققۇز ئايلىق ئەھۋالغا قارايدىغان بولساق، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئوبدان ۋەزىيەت داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىپ، ئومۇمىي ئىقتىسادىي مۇھىت تېخىمۇ ياخشىلاندى، 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ باشلىنىشى ياخشى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۇزاقتىن بۇيان جۇغلىنىپ قالغان بەزى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەر تېخىمۇ مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئېتىپ، بىزنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ھەمدە تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەدبىر قوللىنىپ، مۇشۇ زىددىيەتلەرنى ئاكتىپ ھەم مۇۋاپىق ھالدا ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

## 1. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى، گەۋدىلىك مەسىلە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئىبارەت

نۆۋەتتە سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى، قۇرۇلمىنى تەڭشەش جەھەتتە يېڭى تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلۈپ، سانائەت ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ يىل 1-ئايدىن 9-ئايغىچە سانائەتنىڭ ئېشىش قىممىتى ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 12.9% ئاشتى. مۇقىم چۇشۇش ئاساسىدا مۇقىم ئېشىپ تۇردى. بىراق ئىگىلىكنىڭ ئايلىنىشىدىكى گەۋدىلىك بىر مەسىلە كارخانا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ يىل ئالدىنقى تۆت ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ساپ زىيان تارتتى، بۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش

ئىدى. 5-ئايدىن باشلاپ ئەھۋال بىر ئاز ياخشىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلىپ، ئايلىق پايدىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆتتى. شۇنداق بولغان بولسىمۇ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئەھۋالى يەنىلا ئىنتايىن ناچار. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرىنچىدىن، زىيان تارتىش سوممىسىنىڭ ئېشىش ھەجمى چوڭ بولۇش، ئىككىنچىدىن، زىيان تارتىش دائىرىسى كەڭ بولۇش. زىيان تارتىش قۇرۇلمىسىدىن قارايدىغان بولساق، بىرىنچى، يەرلىك كارخانىلارنىڭ زىيىنىنىڭ ئېشىش ھەجمى يۇقىرى، نىسبىتى چوڭ بولۇۋاتىدۇ؛ ئىككىنچى، زىيان تارتىش ئاساسەن يېنىك سانائەت، ماشىنىسازلىق، توقۇمىچىلىك، ھەربىي سانائەت، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر سانائىتى، رەڭلىك مېتال سانائىتى قاتارلىق كەسىپلەرگە مەركەزلەشكەن؛ ئۈچىنچى؛ چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ زىيىنىنىڭ ئېشىش ھەجمى كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ؛ تۆتىنچى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى رايونلارنىڭ ئۈنۈم سەۋىيىسى تۆۋەن چۈشتى. مەملىكەت بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 5—7 پىرسەنتى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇرماقتا، بىرمۇنچە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مەبلىغى كەمچىل بولۇپلا قالماي، مائاش تارقىتىش، باج تاپشۇرۇش، ئۆسۈمنى قايتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ بانكىدىن قەرز ئېلىشقا تايانماقتا.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى كۆپ تەرەپلىك. بۇ يىل يىگىدىن قوشۇلغان ئامىللاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق ئۈچ ئامىلنى ئېيتقاندىم: بىرىنچى، ئېھتىياج كۈچلۈك بولمىغاچقا، بازار چەكلىمىسى كۈچەيدى؛ ئىككىنچى، چىقىمنىڭ ئېشىپ كېتىش، پايدىنىڭ كېمىيىپ كېتىش ئامىلى بىر قەدەر كۆپ، ئۈچىنچى، بىر تۈركۈم كارخانىلارنىڭ ئەسلىدىكى ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتى ۋە باجنى كېمەيتىش-كەچۈرۈم قىلىشتىن ئىبارەت ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇش مۇددىتى توشۇش، كارخانىلارنىڭ ئامورتىزاتسىيە پىرسەنتىنى ئۆستۈرۈپ ئېلىش، ھېسابتا بار ئەمەلدە يوق بولغان يوشۇرۇن زىيانلارنى ھېسابتىن ئۆچۈرۈۋېتىش قاتارلىق سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىللار بار. بۇ يەردە كارخانىلارنىڭ ئۆز مەسلىسى ئۈستىدە كۆپرەك توختاپ ئۆتمەكچىمەن. نۆۋەتتە، نۇرغۇن كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ كۆزقارىشى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرگىنى يوق، كارخانىلارنىڭ مېخانىزمى جانلىق بولمايدىغان، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ئەقلىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرى ئارقىدا قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيۋاتىدۇ. بۇ ئاساسەن مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماس كەلمەيۋاتىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ماكرو ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە زور ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى جەھەتتە، ھۆددىگەرلىك ۋە باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ئىشلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى جەھەتتە، بانكىلارنى سودا يولىغا سېلىش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى، چۈنكى ئامانەت پۇل پۇقرالارنىڭ بولىدۇ،

بانكىلارنىڭ ئىمكانىقەدەر خېيىم-خەتەرنى ئازايتىشىغا توغرا كەلگەچكە، قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنىڭ پۇل قەرز ئالالماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال؛ باھا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى جەھەتتە، كۆمۈر، نېفىت، توك، ترانسپورت قاتارلىقلارنىڭ باھاسى خەلقئارا بازار باھاسى بىلەن پەيدىنپەي يېقىنلىشىپ بارماقتا؛ تاشقى پېرېۋوت، تاشقى سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى جەھەتتە، قوش يوللۇق تۈزۈم ۋە باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ئىشلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تاموژنا بېجى تۆۋەنلىتىلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھات ۋە سىياسەتنى تەڭشەشمۇ ناھايىتى چىڭ تۇتۇلۇۋاتىدۇ. يىراق كەلگۈسىدىن قارايدىغان بولساق، بۇلار كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق، ئەمما كارخانىلار ئىناۋەتلىك قەرزدە ”داش قازاننىڭ ئېشىنى يېيىش“تىن، باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىشتىن ۋە يۇقىرى تاموژنا بېجىنىڭ قوغدىشىدىن مەھرۇم بولغاچقا، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا يۈزلىنىدىغان خېيىم-خەتەر چوڭىيىپ بارماقتا، بۇ كارخانىلار ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ماسلىشىش جەريانىغا موھتاج بولماقتا.

ئىككىنچى، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماس كېلەلمەيۋاتىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ساتقۇچىلار بازىرى سېتىۋالغۇچىلار بازىرىغا ئايلانماقتا. ئىلگىرى ”پادىشاھنىڭ قىزى ياتلىق بولۇشتىن ئەنسىرىمەيتتى“، ھازىر بولسا تەييار مەھسۇلاتنى سېتىۋالىدىغان ئادەم يوق. بۇ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىساد يۈكسىلىشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە ۋە سېتىلغاندىن كېيىنكى مۇلازىمەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان مىقدارنى كېڭەيتىش يولىدىن تۇر، مىقدار ۋە مۇلازىمەت ئارقىلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان ئۈنۈمنى كۆزلەش يولىغا بۇرۇلۇشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئەمما بۇ بۇرۇلۇش ياساش ئازابلىق ئىش بولۇپ، كارخانىلارنىڭمۇ تەڭشەش، ماسلىشىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈشىگە توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، كەسكىن بازار رىقابىتىگە ماس كېلەلمەيۋاتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىشىغا ۋە بازارنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك، كۆپ خىل ئوبوروت يوللىرى، كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى، كۆپ خىل سودا-سېتىق ۋاستىلىرى ئارىسىدىكى رىقابەت كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىپ بارماقتا، بۇ ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇش، كارخانىلارنىڭ نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش يولىدىن ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش يولىغا بۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. دۆلەت كارخانىلىرى بۇ خىل كەسكىن بازار رىقابىتىگە تېخى ماسلىشالمايۋاتىدۇ، بولۇپمۇ رىقابەت تەرتىپسىز بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ يەنىمۇ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، چەت ئەللەردىكى بەزى داڭلىق چوڭ كارخانىلار مەملىكىتىمىز بازىرىغا كىرمەكتە، بۇنىڭ بىلەن كارخانىلار ئىچكى بازاردىمۇ خەلقئارادىكى كۈچلۈك رىقابەتچىلەرنىڭ رىقابىتىگە بىۋاستە دۇچ كەلمەكتە. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر؛ دۆلىتىمىز كارخانىلىرىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەم بېسىم، ھەم

ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى بىراقلا ئۆستۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈش، داۋاملىق ماسلىشىش جەريانى بولۇش لازىم. مۇشۇ جەرياننى ئىمكانقەدەر قىسقارتىش، كارخانىلارنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ۋە رىقابەت ئىقتىدارىنى تېزدىن يۇقىرى كۆتۈرۈش، توپ خاراكتېرلىك ئىككى بۆرۈلۈشنى تېزىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش بىزنىڭ ۋەزىپىمىزدۇر.

## 2. تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىككى مەسىلە

بىرى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى بۇنچە ئېغىر، قىيىنچىلىقى بۇنچە كۆپ تۇرسا، ”ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغانسېرى قىيىنچىلىق شۇنچە كۆپىيىۋاتامدۇ قانداق“ دېگەن مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلە توغرىسىدا، تونۇشىمىزنى يەنىلا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قىياپىتىدە بىرقەدەر زور ئۆزگىرىش بولدى، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرقەدەر ياخشى باشقۇرۇلغان، ئىچكى-تاشقى بازارلاردا نام-ئابرويغا ئىگە بولغان بىر تۈركۈم چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى مەيدانغا كەلدى، ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقۇرغۇچىلار ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارمۇ تەرەپپىيلەپ، يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى.“ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، دۆلەت كارخانىلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئومۇمىي كۈچى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ ماڭدى، يەنە كېلىپ، ئۇ ئىسلاھات تەننەرخىنىڭ ئاساسلىق ئۈستىگە ئالغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن زور تۆھپىلەر قوشۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا داۋاملىق ھالدا يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بىرىنچىدىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ئېشىش قىممىتى 1990-يىلى 356 مىليارد 800 مىليون يۈەن بولغان بولسا، 1995-يىلى 830 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.33 ھەسسە ئاشقان، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %18.4 ئېشىپ بارغان. ھەر يۈز يۈەنلىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى ئېشىش قىممىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 29.98 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ 30.26 يۈەن بولۇپ، باشقا سانائەت كارخانىلىرى ۋە باشقا چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارغا قارىغاندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 5.18 يۈەن ۋە 5.46 يۈەن يۇقىرى بولغان؛ ئىككىنچىدىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدا ئومۇمىي سوممىسى 1990-يىلى 150 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولغان بولسا، 1995-يىلى 287 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشقان، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %13.8 ئېشىپ بارغان؛ ئۈچىنچىدىن، پايدا-زىيان پالانس

بولغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا 1990-يىلى 38 مىليارد 800 مىليون يۈەن بولغان بولسا، 1995-يىلى 66 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 71% ئاشقان، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.4% ئېشىپ بارغان. خاسچوت ئىچىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى ئۇچۇن مالىيەدىن بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ياردەم 1990-يىلى 11 مىليارد 800 مىليون يۈەن بولغان بولسا، 1995-يىلى ئازىيىپ 8 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە چۈشكەن، دېمەك 3 مىليارد 200 مىليون يۈەن ئازايغان. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، خۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن ئېيتقاندەك، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئومۇمىي كۈچى ئاشتى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، دۆلەت مالىيە كىرىمىنىڭ 60 پىرسەنتى دۆلەت كارخانىلىرىدىن كېلىدۇ، شەھەر-بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ 70 پىرسەنتچىلىكى دۆلەت كارخانىلىرىغا ۋە باشقا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورگانلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەلۋەتتە، نۆۋەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلە زىياندىن ئىبارەت. زىيان مەسىلىسىمۇ بۇ يىللا بولغان ئەمەس. بۇرۇن بىز ھەممىشە، ئۇچتىن بىر قىسمى ئاشكارا زىيان تارتىۋاتىدۇ، ئۇچتىن بىر قىسمى يوشۇرۇن زىيان تارتىۋاتىدۇ، ئۇچتىن بىر قىسمى پايدا ئېلىۋاتىدۇ، دەپ سۆزلەيتتۇق. ھازىر ئىقتىسادىي ياردەم ئازايدى، باجنى كېمەيتىش-كەچۈرۈم قىلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم يوشۇرۇن زىيانلار ئاشكارا زىيانغا ئايلاندى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان كارخانا ۋەيران بولۇشتەك ئىشلار پەقەتلا بولۇپ باقمىغان بولغاچقا، ئاللىبۇرۇنلا شاللىۋېتىشكە تېگىشلىك بىر تۈركۈم كارخانىلار توپلىنىپ قالدى، ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ زىددىيەت ئاشكارىلاپ چىقتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىسلاھات داۋامىدا مۇقەررەر ھالدا كۆرۈلىدىغان بىر خىل ھادىسە، شۇنداقلا كارخانا ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ مۇقەررەر ئىنكاسى.

يەنە بىر مەسىلە، كارخانا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشكە زادى قانداق قاراش كېرەك دېگەن مەسىلىدۇر. بۇنىڭغا ئىككى تەرەپتىن قاراش كېرەك. بىر تەرەپتىن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆزىدە ھەقىقەتەنمۇ ئۈنۈم يۇقىرى بولماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت. كۆپ يىللاردىن بېرى، كارخانا باشقۇرۇش يىرىك بولغاچقا، تەننەرخنى چۈشۈرۈشكە زادىلا مۇمكىن بولمىدى، "ئېقىپ كېتىش، قېچىپ كېتىش" ئەھۋالى ئېغىر بولۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزدى، بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازار رىقابىتىدە رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى كەمچىل بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ بىرقانچە يىلدا كارخانىلارنىڭ تۈنجى تەقسىمات ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان سانائەتنىڭ ئېشىش قىممىتى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يېڭىدىن ياراتقان قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداق دېيىش كېرەككى، بۇ سان كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يۇقىرىدا 1995-يىلنى 1990-يىلغا سېلىشتۇرۇپ، سانائەتنىڭ ئېشىش قىممىتى 1.33 ھەسسە ئاشقانلىقىنى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18.4% ئۆسكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق، شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن كارخانىنىڭ پايدىسى سانائەتنىڭ ئېشىش قىممىتى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئېشىپ بارمايدۇ؟ مەسىلە مۇشۇ بىرقانچە يىلدا كارخانىلارنىڭ تۈنجى تەقسىمات ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىدا. بىرىنچىدىن، دۆلەت سانائىتىنىڭ پايدىسى بىلەن

بېجىنىڭ نىسبىتى 1990-يىلى 26:74 بولغان بولسا، 1995-يىلى 76: 24 بولدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خامچوت ئىچىدىكى دۆلەت سانائىتىنىڭ پايدا ئومۇمىي سوممىسى 70.3% چۈشتى، ئوبوروت بېجى 4.7% ئاشتى. ئىككىنچىدىن، 1995-يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆسۈم چىقىمى 125 مىليارد يۈەن بولۇپ، 1990-يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشتى، ئۆسۈم بىلەن پايدىنىڭ نىسبىتى 1:1 دىن 1: 1.73 گە ئۆستى؛ تەننەرخ خىراجىتىدىكى مالىيە ئىشلىرى خىراجىتىنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى 1993-يىلدىكى 2.5 پىرسەنتتىن 1995-يىلدىكى 5.6 پىرسەنتكە ئۆستى، بۇ يىل ئالدىنقى يېرىم يىلدا يەنە ئۆسۈپ 5.9 پىرسەنتكە يەتتى. ئۈچىنچىدىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئامورتىزاتسىيە نىسبىتى يىلمۇيىل ئۆسۈپ 1990-يىلدىكى 4.16 پىرسەنتتىن 1995-يىلدىكى 5.8 پىرسەنتكە يەتتى، ئېلىنغان ئامورتىزاتسىيە پۇلى مۇناسىپ ھالدا 48 مىليارد 330 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 161 مىليارد يۈەنگە يەتتى، كۆپ ئېلىنغان ئامورتىزاتسىيە پۇلى ئوخشاش مەزگىلدىكى پايدا سوممىسىنىڭ 63 پىرسەنتىگە باراۋەر كېلىدۇ؛ ئامورتىزاتسىيىنىڭ سانائەتنىڭ ئېشىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1990-يىلدىكى 12.9 پىرسەنتتىن ئۆسۈپ 1995-يىلدىكى 18.2 پىرسەنتكە يەتتى، بۇ يىل ئالدىنقى يېرىم يىلدا يەنە 22.3 پىرسەنتكە ئۆستى. تۆتىنچىدىن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق چىقىمى زور ھەجىمدە ئاشتى. خامچوت ئىچىدىكى دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ 1995-يىلدىكى ئىش ھەققى 1990-يىلدىكىدىن تەخمىنەن 1.67 ھەسسە ئاشقان. نۆۋەتتە كارخانىلارنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان خىراجىتى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تەخمىنەن 45 پىرسەنتىگە باراۋەر كېلىدۇ، ئەگەر كارخانىلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئاۋۋال ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورناتتى دەپ ھېسابلىغاندا، 1995-يىلى كارخانىلارنىڭ پايدىسى بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئازكەم 50 مىليارد يۈەن پۇل كېمىيىدۇ. بەشىنچىدىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كارخانىلارنىڭ تۈرلۈك خىراجەت يۈكى ئۈزلۈكسىز ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. 1995-يىلى پەقەت ھېساباتى بار 13 تۈرلۈك فوند كىرىملا 126 مىليارد يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى دۆلەت كارخانىلىرىدىن كەلگەن. شۇڭا، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە ئوبيېكتىپ، ئادىل، ھەر تەرەپلىمە ھالدا باھا بەرگەندە، مۇنداق ئۈچ خىل يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ: بىرىنچى، ”تورت“ يوغان بولۇپ قالدى؛ ئىككىنچى، پايدا-زىيان بالانس قىلىنغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا ئاشتى؛ ئۈچىنچى، تۈنجى تەقسىمات ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، كارخانا پايدىسىنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى.

نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يېتىپ، ئىقتىساد ئايلىنىشىدىكى بەزى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش-تىن مەقسەت ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئۈمىدسىزلىك ۋە نارازىلىق كەيپىياتلىرىنى يېڭىشتۇر، خۇددى يولداش جياڭ زېمىن ئېيتقاندەك، بىزنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشقا پۈتۈنلەي شارائىتىمىز بار. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئىشەنچىمىز كامىل. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشنىڭ ئۇزاق

مۇددەتلىكلىكى، جاپالىقلىقىنى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ بىر كۈندىلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. بىزدە چوقۇم يېتەرلىك ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

## 3. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى مەسىلىسىگە نىسبەتەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئىزچىل ھالدا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، باش شۇجى جياڭ زېمىن دۆلەت كارخانىلىرىنى قانداق قىلىپ ياخشى باشقۇرۇش ھەققىدە سىستېمىلىق ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، بولتۇر ۋە بۇ يىل ئىككى قېتىم مۇھىم سۆز قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلدى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنىنى سىستېمىلىق شەرھلىدى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەلىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ يىل كىرگەندىن بېرى، ئىسلاھات چىڭ تۇتۇلدى. 1. كاپىتال قۇرۇلمىسىنى خىللاشتۇرۇشنى سىناق قىلغۇچى شەھەرلەر كۆپەيتىلدى؛ 2. ۋەيران بولغانلارنى قوشۇۋېلىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سىياسەتنىڭ كۈچى ئاشۇرۇلدى؛ 3. پۇل ئاجرىتىش ئورنىدا تارقىتىلغان قەرز پۇلنى دۆلەت كاپىتالىغا ئۆزگەرتىش ئىشى تېزلىتىلدى؛ 4. مىڭ نۇقتىلىق كارخانىنىڭ 300 نىگە ئاساسلىق مەسئۇل بانكىلارنى بەلگىلەش ئىشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، بانكا بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدا توختامنامە ئىمزالاندى؛ 5. يىل بېشىدا گوۋۇيۈەن خەنگاڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ھۆججىتىنى چۈشۈردى ھەمدە خەنگاڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، كېڭەيتىش نەق مەيدان يىغىنىنى ئېچىپ، خەنگاڭدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ 6. زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى كۆپەيتىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى، دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش، قاتلاممۇقاتلام مەسئۇل بولۇش ئاساسىدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش يولى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق زىياننى تۈگىتىش-پايدىنى كۆپەيتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، زىياننىڭ كۆپىيىشىنى تېزدىن توسۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ئېنىق تەلەپ قىلىندى؛ 7. نېفىت-خېمىيە سانائىتى باش شىركىتى، ئاۋىئاتسىيە سانائىتى باش شىركىتى ۋە رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتى قاتارلىق ئۈچ شىركەتنى دۆلەت پاي چېكىنى كونترول قىلىدىغان شىركەتكە ئۆزگەرتىش سىنىقىدا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى؛ 8. تېخنىكا ئۆزگەرتىشتە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ياخشىلىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى تاللاپ يۆلەش پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ”ئىككىنى كۈچەيتىش“ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىمەكتە، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەرقايسى جايلار مەركەزنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان نۇرغۇن سىياسەت-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەسىلەن تاپاۋەت بېجى ۋە يەرلىك قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ ھەممىسىنى ياكى

بىر قىسمىنى قايتۇرۇش ئارقىلىق كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت مەبلىغىنى تولۇقلاش؛ يەرلىككە پۇل ئاجرىتىش ئورنىدا بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ دەسمايە ۋە ئۆسۈم قالدۇقىنى دۆلەت كاپىتالىغا ئۆزگەرتىش؛ سىناق قىلىنىۋاتقان كارخانىلار ئىچىدىكى پاي شىركەتلىرى تاپشۇرغان تاپاۋەت بېجى ۋە پايدىنى دۆلەت پېيىنىڭ كاپىتالىنى كۆپەيتىش ۋە پېيىنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىشكە قايتۇرۇش ۋەھاكازالار. بۇ چارە-تەدبىرلەر دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىتلارنى ياراتتى.

ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ئىسلاھاتنىڭ نۇقتىلىق ۋە قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش جەھەتتە، بىر قىسىم ئەمەلىي قوللىنىشقا بولىدىغان يوللار تېپىپ چىقىلىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەر توپلانغان، بۇ تەجرىبىلەر بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇلۇشى ۋە داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

بىرىنچى، پۇتكۇل دۆلەت ئىگىلىكىنى ياخشىلاشتا، چوقۇم چوڭلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش، كىچىكلىرىنى جانلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ھەر بىر دۆلەت كارخانىسىنى جانلاندۇرۇشتىن پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنى ياخشىلاشقا ئېتىبار بېرىشكە ئۆتۈش—بۇ، بىزنىڭ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىمىزدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر بۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرى بىر-بىرىدىن چوڭ پەرقلىنىدۇ، چوڭ كارخانا بىلەن كىچىك كارخانىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورنى، رولى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكى، ئۇسۇلمۇ ئىنتايىن چوڭ پەرقلىنىدۇ، بىر خىل شەكىل، بىر خىل ئۇسۇل قوللىنىشقا بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ۋە كارخانا گۇرۇھلىرىنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىكنى مۇقىملاشتۇرۇش، بازارنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە دۆلەت كەسىپ سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتلەردە تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مىقدارى كۆپ، دائىرىسى كەڭ بولغان كىچىك تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز تىجارەت ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان جانلىق ئۇسۇللارنى ئىزدەپ تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ—دۆلەت كارخانىلىرىغا قارىتا ستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى يولغا قويۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم چارە-تەدبىردۇر. بىر يىلدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇ جەھەتتە پۇختا قەدەمنى بېسىپ، بىر قىسىم پايدىلىق تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق.

چوڭ كارخانىلارنى ياخشى باشقۇرۇش جەھەتتە، دۆلەت مىڭ نۇقتىلىق كارخانا ۋە كارخانا گۇرۇھىنى ئاساسلىق قىلىپ تۇتىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 300گە ئاساسلىق مەسئۇل بانكىلارنى ئېنىق بەلگىلەپ، تىجارەت كاپىتالىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. ئاساسلىق سىياسەت مۇنۇ ئۈچ ماددىدىن ئىبارەت: 1. باش سودا بانكىسىنى ياكى باش سودا بانكىسى ھاۋالە قىلغان ئۆلكىلىك شۆبە بانكىلارنى ئاساسلىق مەسئۇل بانكا قىلىپ بەلگىلەش، بانكىلار بولسا كارخانا كېرەكلىك كاپىتالنىڭ كېلىش مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ 2. مۇۋاپىق تۈراقسىز مەبلەغنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، قىسقا مۇددەتلىك قەرزنى بىر يىللىق قەرزگە ئۆزگەرتىش،

پۇل قەرز بېرىشتە تۆپ ئۆسۈم نىسبىتىنى يولغا قويۇش، ئۆسۈمنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىشكە يول قويماسلىق؛ 3. كارخانىلار قەرز پۇلنى باشقا ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلىتىۋالماسلىقى، ئۆسۈمنى تۇتۇۋالماسلىقى كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە تۇراقسىز مەبلەغ ئىچىدىكى ئەركىن مەبلەغنى تولۇقلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارمۇ بازار ۋە كەسىپ سىياسىتىنى يېتەكچى قىلىپ، تايانچ كەسىپلەرنى، ئەۋزەل كارخانىلارنى، داڭلىق مەھسۇلاتلارنى چۆرىدەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ زور بىر تۈركۈم كارخانىلار ۋە كارخانا گۇرۇھلىرىنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق، زور بىر تۈركۈم مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنى تەگشەش ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئىشلىرىغا ئاتلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ بۇ چوڭ تىپتىكى ئەۋزەل كارخانىلارغا قاراپ ئېقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرمەكتە. زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق ھەرقايسى جايلاردا ئەمەلىي كۈچى خېلى زور بولغان بىر تۈركۈم كارخانا گۇرۇھلىرى شەكىللىنىپ، بازار رىقابىتىدە كۈنسايىن مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرماقتا.

كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش جەھەتتە، ھەرقايسى جايلار ”ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش“ يولىنى تۇتماي، ”ئۈچكە پايدىلىق بولۇش“ ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، بىرلەشتۈرۈش، قوشۇۋېلىش، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئىجارىگە بېرىش، ھۆددىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىش ۋە سېتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، زور بىر تۈركۈم كىچىك كارخانىلارنى بىۋاستە بازارغا يۈزلەندۈردى. ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەمەلىيەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر پاي قوشقان پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى كىچىك كارخانىلارنى جانلاندۇرۇشنىڭ ياخشى چارىسى، بۇ خىل تۈزۈمنى يولغا قويغاندا ھەم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق تۇيغۇسىنى ئۆستۈرگىلى، ھەم مەلۇم مىقداردىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى يىغقىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ جەھەتتە ئىنتىكلىك قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، يەنىلا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش كېرەك. مەن خېنەندە ئۈچ نۇقتىدىكى پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتتۇم: 1. كىچىك دۆلەت كارخانىلىرى خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بازارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كۆپەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كەم بولسا بولمايدىغان رول ئوينايدۇ؛ 2. نۆۋەتتە كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىشتا، سىناق ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇشتا، ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈشتە، يۈرەكلىك-رەك بولۇپ، قەدەمنى تېزراق ئېلىش لازىم. 3. ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىك، ھەممىنى بىر قېلىپقا سالماسلىق كېرەك؛ كىچىك كارخانىلار ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىلىك بولغان-بولمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ”ئۈچكە پايدىلىق بولۇش“تىن ئىبارەت. پەقەت ”ئۈچكە پايدىلىق بولۇش“تا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئىسلاھاتنى توغرا يۆنىلىشكە ئىگە قىلغىلى، شۇنداقلا ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋېتىشنىڭ نەتىجىسى بىرقەدەر ياخشى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا بولغان سېلىنما ئاز، نەتىجىسى تېز بولغان.

ئىككىنچى، كارخانىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە چوقۇم ”ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ

تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش»تە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

دۆلەت كارخانىلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەر كۆپ تەرەپلىمىلىك، تۇرلۇك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بىرلا خىل ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. كارخانىلارنى ھەقىقىي رەۋىشتە بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم «ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش»تە چىڭ تۇرۇپ، بۇ تۆت جەھەتتىكى خىزمەتنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئارقىلىق تەشكىلىي قۇرۇلمىنى خىللاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق يېڭى مېخانىزم بەرپا قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كارخانىلارنى ياخشى مېخانىزم، ياخشى مەھسۇلات، ياخشى بەنزىگە ئىگە قىلىش كېرەك. «ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش»نى ياخشى ئېلىپ بېرىش پەقەت كارخانىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك خىزمىتىنى تۇتۇش بولۇپ قالماستىن، بەلكى كارخانىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئورگانىك پۈتۈن گەۋدىسىدۇر. خەنگاڭغا ئوخشاش زور بىر تۈركۈم كارخانىلارنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» نۆۋەتتە كارخانا خىزمىتىنىڭ تۈتقىسى، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش»نى چۆرىدىگەن ھالدا كارخانا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بىر قىسىم قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە مۇھىم بۆسۈش ھاسىل قىلدى. بىرىنچىدىن، ئادەم سانىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمنى كۆپەيتتى. كۆمۈر سانائىتى ئۈچ يىلدا ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن 550 مىڭ ئادەمنى يۆتكەپ، زىياننى 6 مىليارد يۈەندىن 1 مىليارد يۈەنگە چۈشۈرگەن. باۋگاڭ باش زاۋۇتى ئىشچى-خىزمەتچىنى 30 مىڭدىن 13 مىڭغا چۈشۈرۈپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پولات مەھسۇلات مىقدارىنى 600 نەچچە توننىغا يەتكۈزۈپ، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېقىنلاشقان. ئىككىنچىدىن، مەبلەغنى كۆپەيتىپ، قەرزنى ئازايتتى. لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكى بەش سىناق شەھەر كۆپ خىل يوللاردىن پايدىلىنىپ، مەبلەغنى كۆپەيتىپ، قەرزنى ئازايتىپ، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلكىنىڭ قەرزدار بولۇش نىسبىتىنى بۇلتۇرقى %76 تىن بۇ يىلقى %67.8 كە چۈشۈرگەن. شەندۇڭ ئۆلكىسى كارخانىلارنىڭ زىيان ۋە يوشۇرۇن زىيانلىرىنى ئاكتىپ ھەل قىلىپ بېرىپ، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ خامچوت ئىچىدىكى دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تارىختىن قېلىپ قالغان ئۈچ مىليارد يۈەندىن ئوشۇق قىممەتتىكى يۈكىنى بىر تەرەپ قىلدى. ئۈچىنچىدىن، ئاپپاراتلارنى ئاجرىتىپ، ئادەملەرنى ئايرىدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 50 نەچچە سىناق شەھەردە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولغان 3179 ئاپپارات ئاجرىتىلدى، 558 مىڭ نەپەر ئادەم ئايرىۋېتىلدى. باۋگاڭغا ئوخشاش بىر تۈركۈم كارخانىلار «ئاساسىي گەۋدىنى ياخشى باشقۇرۇش، قوشۇمچە تارماقلارنى

جانلاندۇرۇش» تەلپى بويىچە، بىر قىسىم قوشۇمچە تارماقلارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، تىجارىتىنى قويۇۋېتىپ، ئاساسي گەۋدىنى تېخىمۇ خىللاشتۇردى. چاڭشا شەھىرى پۈتۈن جەمئىيەتتىن مەبلەغ توپلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كارخانا ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئاجرىتىۋېتىشنى سىناق قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئۈچىنچى، كارخانا قۇرۇلمىسىنى خىللاشتۇرۇپ، ياخشىلىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، ۋەيران بولغانلارنى قوشۇۋېلىش ئىشىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئەۋزەللىكى مۈلۈكنىڭ ساقلىنىش مىقدارى كۆپ بولۇشتىدۇر، ئەمما مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كارخانىلارنىڭ تۈغۈلۈشلا بار، ئۆلۈشى يوق بولۇشى، ھازىرقى بار مۈلۈكنىڭ ئېقىپ تۇرالماسلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشى سەۋەبىدىن، مۈلۈكنىڭ ئايلىنىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ كەلمەكتە. بۇ بىرقانچە يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق، بىز بارلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى بىرسىنىمۇ قالدۇرماستىن ياخشىلىۋېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ۋە زۆرۈرىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى تونۇپ يەتتۇق. ماسلاشقانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ قېلىشى، كۈچلۈكلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ياخشىلارنىڭ تاللىنىپ، ناچارلارنىڭ شاللىنىشى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىدۇر. نۆۋەتتە زىياننى تۈگىتىشتىن ئۈمىد يوق بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلكى قەرزىگە چىقىش قىلماي، ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەتتە ئىنتايىن چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە، بۇ دەل ۋەيران بولغانلارنى قوشۇۋېلىشنى يولغا قويۇپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ پايدىلىق پەيتىدۇر.

ۋەيران بولغانلارنى قوشۇۋېلىش كارخانا ئىسلاھاتى داۋاملىق چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەلپى. ۋەيران بولغانلارنىڭ قوشۇۋېلىنىشى قالاق كارخانىلارنىڭ جايى بولماستىن، بەلكى كارخانىلارنىڭ قالاقلىقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەيران بولغانلارنى قوشۇۋېلىش ناچار ھالەتتىكى كارخانىلارنى بىر قېتىملىق قايتىدىن تەشكىللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئەۋزەل ھالەتتىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، كۆلەملىك ئۈنۈمگە قول يەتكۈزۈشى ئۈچۈنمۇ بىر پۇرسەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەيران بولغانلارنى قوشۇۋېلىشتىن مەقسەت ياخشىلىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، بايلىق تەقسىماتىنى خىللاشتۇرۇپ، مۈلۈكنىڭ ئەۋزەل كارخانىلارغا يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەشكە تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ يىل شارائىتنى ھازىرلىغان بىر تۈركۈم كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولغانلارنى قوشۇۋېلىش ئىشىنى يۇقىرى سۈپەت بىلەن تۈگىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

نۆۋەتتە دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى پەۋقۇلئاددە ھەل قىلغۇچ پەيتتە تۇرماقتا، ئىسلاھاتنىڭ ئاساسي فاكتېنى بەلگىلەندى، يېقىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن قاراتمىلىقى بار كۈچلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، كاپىتال قۇرۇلمىسىنى خىللاشتۇرۇشنى سىناق قىلغان شەھەر ۋە كارخانا گۇرۇھىنىڭ سىنىقىنى كېڭەيتىش، نۇقتىلىق كارخانىلار ئۈچۈن

ئاساسلىق مەسئۇل بانكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت كاپىتالىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ۋەيران بولغانلار-نى قوشۇۋېلىش ئىشىنى كۈچەيتىش، تىجارەت خاراكتېرىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش فوندىنى دۆلەت كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇشنى تەتقىق قىلىش، زىيان تارتىۋاتقان كەسىپلەرنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سىنىقىنى ئېلىپ بېرىش ۋە كىچىك تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم مۇھىم چارە-تەدبىرلەرنى قوللانماقچى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئېكسپورت-ئىمپورتنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشنى چوڭايتىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئۆستەك ئۆسۈمنى كۆپەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چارە-تەدبىرلەرنى قوللانماقچى. ھەرقايسى جايلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەققىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشى كېرەك.

## 4. نۆۋەتتىكى بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتلەر ھەققىدە

ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىش جەھەتلەردە، نۆۋەتتە نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك:

(1) زىياننى تۆگىتىپ، پايدىنى كۆپەيتىش نىشان قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۇنى ئىنتايىن چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز كېرەك. مەن بۇ يەردە ئۈچ نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن: بىرىنچى، زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى كۆپەيتىشتە يېڭى يول تۇتۇش، يېڭى ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك. زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى كۆپەيتىشنى چوقۇم ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، كۆلەملىك ئىقتىساد ئارقىلىق ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، ئىلمىي باشقۇرۇش ئارقىلىق ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە، شەكىلگە بېرىلىشتىن، ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن، يۈزەكى ئىش قىلىشتىن، ئاددىيلا يولىيورۇق چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. چوقۇم ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، بىر زاۋۇتقا بىر چارە قوللىنىپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا چارە-تەدبىر ئىشلىتىش كېرەك. ئىككىنچى، نۇقتىلىق ئورۇننى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ھەم زىيان تارتىۋاتقان چوڭ ئورۇنلارنىڭ زىياننى تۈگىتىشىنى، ھەم پايدا ئېلىۋاتقان چوڭ ئورۇنلارنىڭ پايدىنى كۆپەيتىشىنى تۇتۇش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ئۆز رايونىدىكى، ئۆز كەسپى ئىچىدىكى پايدا ئېلىۋاتقان ۋە زىيان تارتىۋاتقان چوڭ ئورۇنلارنى تىزىپ

چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، چارە-تەدبىرلەرنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كەسىپلەرگە ۋە قىيىنچىلىقتا قالغان كارخانىلارغا نىسبەتەن تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، سەۋەبنى تېپىپ چىقىپ، قارشى تەدبىرنى تەتقىق قىلىپ، چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ھەل قىلالايدىغانلا بولسا، كۈتۈپ تۇرماسلىق كېرەك. ھەل قىلالمىسا، ئېھتىياج ۋە مۇمكىنچىلىككە ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشلىرى كېرەك. 3. زىياننى تۆگىتىپ، پايدىنى كۆپەيتىشتە چوقۇم كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تۇتۇش كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشتا ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، زىياننى تۆگىتىپ، پايدىنى كۆپەيتىش خىزمىتىدە بولسا تېخىمۇ شۇنداق. زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنىڭ نۇرغۇنى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ بولۇپمۇ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىنىڭ مەسىلىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقان. بۇ خىلدىكى كارخانىلارغا نىسبەتەن چوقۇم نازارەت قىلىش ۋە چەكلەشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش، بېسىم ئىشلىتىشكە تېگىشلىكلىرىگە بېسىم ئىشلىتىش، تەڭشەشكە تېگىشلىكلىرىنى تەڭشەش، ئالماشتۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك، ھەقىقەتەن رەھبەرلىكنىڭ جاۋابكارلىقى سەۋەبلىك زىيان كېلىپ چىقسا، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. شەندۈڭ ئۆلكىسى كارخانىلارنىڭ زىياننى تۆگىتىشتىن ئىلگىرى ھەرقانداق نام بىلەن مۇكاپات سوممىسى، ماددىي بۇيۇم تارقىتىشنى، ئۆز ئىختىيارىچە مائاش ئۆستۈرۈشنى، ۋاقىتلىق ئىشچى ئىشلىتىشنى، زىياننى پايدا قىلىپ مەلۇم قىلىشنى، زاۋۇت دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى، يۆتكىلىپ ئەمەلدار بولۇشنى مەنئىي قىلىشتىن ئىبارەت "بەشنى مەنئىي قىلىش"نى بەلگىلىدى. زىياننى تۆگىتىپ پايدىنى كۆپەيتىشتە راستچىللىقنى تەكىتلەش كېرەك.

(2) ۋەيران بولغانلارنى قوشۇۋېلىشتىكى ئۈمىدسىز ھېسابات ئېھتىيات فوندىنى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىنى ئوبدان ئىشلىتىش كېرەك.

بۇ بىزنىڭ كارخانا قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىزدىكى ئىككى مۇھىم ۋاستە بولۇپ، ئۇنى چوقۇم ئوبدان ئىشلىتىشىمىز كېرەك. ئۈمىدسىز ھېسابات ئېھتىيات فوندىنىڭ ئۈمىدسىز ھېساباتنى تولدۇرۇش رەسمىيىتى بىرقەدەر مۇرەككەپ، ئۇنىڭغا كېتىدىغان ۋاقىت بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، كۆپچىلىك ئۇنى چوقۇم چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ئۈمىدسىز ھېساباتنى تولدۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك بانكا ۋە مالىيە ئورۇنلىرىدا مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولۇشى ھەمدە تولدۇرۇش رەسمىيىتىنى ئامالنىڭ بېرىچە ئاددىيلاشتۇرۇش كېرەك. كارخانىلار ۋەيران بولغانلارنى قوشۇۋېلىش جەريانىدا ئۇچرىغان چوڭ مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشلىرى كېرەك. ئۈستىلىمە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىنى ئىشلىتىشتە، ئەڭ مۇھىمى تۈرلەرنى توغرا تاللاش، كاپىتال فوندىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ياخشىلارنى، كۈچلۈكلەرنى تاللاپ يۆلەش، ئاشقان سېلىنمىنىڭ ھازىرقى بار مۈلۈكلەرنى خىللاشتۇرۇش، قايتىدىن تەشكىللەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

(3) ئالاھىدە قىيىن ئەھۋالدا قالغان كەسىپ ۋە قىيىنچىلىقتا قالغان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەت-

چىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، بازار رىقابىتىنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، بىر قىسىم قىيىن ئەھۋالدا قالغان كەسىپ ۋە كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىق دەرىجىسى يەنىمۇ ئېغىرلىشىپ، ھەتتا ئەمگەك ئەمگەكچىلەرنىڭ... ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆرلىشى، قىيىنچىلىقتا قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر يەنىمۇ كۆپىيىشى مۇمكىن. بۇنداق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلمىسا، كارخانىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش-تىجارىتىگە تەسىر يېتىپلا قالماستىن، بەلكى كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئالاھىدە قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، زىددىيەتنى ئامالنىڭ بېرىچە پەسەيتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك. ھازىر بىر قىسىم ئۆلكە-شەھەرلەر شەخسلەرنىڭ تاپاۋەت بېجىدىن كەلگەن كىرىمنى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش مەبلىغىنىڭ مۇقىم كېلىش مەنبەسى قىلىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سىزىقىغا ۋە ئەڭ تۆۋەن مائاش سىزىقىغا كاپالەتلىك قىلماقتا، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرقەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن چارە-تەدبىرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. شاڭخەيگە ئوخشاش جايلار كارخانىلاردىكى ئارتۇقچە خادىملارنى ئايرىۋېتىپ، ئەمگەك كۈچى بازىرىنى قۇرۇپ ۋە ئۇنى تولۇقلاپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى كەسىپ تونۇشتۇرۇش ۋە ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش تەربىيىسى قاتارلىق ئىشلارنى ئىشلەيدىغان ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى تېپىپ چىقتى. ھەرقايسى جايلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى پەيدىنپەي ئورنىتىپ ۋە ئۇنى تولۇقلاپ، قىيىنچىلىقتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش يولىنى ئىزدەپ تېپىپ چىقسا بولىدۇ.

(4) كارخانىلاردىن قالايمىقان ھەق ئېلىش، كارخانىلارغا قالايمىقان سېلىق سېلىشلارنى قەتئىي توختىتىش كېرەك.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە كارخانىلارغا سېلىنىغان سېلىقلار ۋە ئېلىنىغان ھەقلەرنىڭ تۈرى نەچچە يۈز ھەتتا مىڭ نەچچە خىلغا يەتكەن؛ سېلىق سالىدىغان، ھەق ئالىدىغان چوڭ-كىچىك ئىدارە-ئورۇنلارنىڭ سانى يۈز نەچچىگە ھەتتا نەچچە يۈزگە يەتكەن. گەرچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن قايتا-قايتا تەكىتلىسىمۇ، ئەمما قالايمىقان ھەق ئېلىش، خالىغانچە سېلىق سېلىش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك توختىتىلمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ خىل ھادىسە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە، كارخانىلارنىڭ ئىنكاسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولماقتا. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، دۆلەت كارخانىلىرى-

نىڭ يۇكنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى خۇددى دېھقانلارنىڭ يۇكنى يېنىكلىتىشنى تۇتقاندەك گەۋدىلىك ھالدا چىڭ تۇتۇپ، زور كۈچ چىقىرىپ ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارماقلىرىنىڭ ھەق ئېلىش، سېلىق سېلىش ئەھۋاللىرىغا بىر قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشلىرى كېرەك. دۆلەت ئىقتىساد-سودا كومىتېتى گوۋۇيۈەن ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئېنىق بەلگىلىگەندىن سىرتقى تۈرلۈك ھەق ئېلىش، مەبلەغ توپلاش، فوند قۇرۇش قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى دەرھال توختىتىشنى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بەلگىلىگەن ھەق ئېلىش تۈرلىرىگە نىسبەتەن ئېنىقلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى يىغىنچاقلاپ ئېلان قىلىشنى تەكلىپ قىلدى، ھەرقايسى جايلار كارخانىلار-نىڭ يۇكنى يېنىكلىتىش جەھەتتە، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، نۇرغۇن ياخشى ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدى، بەزىلىرىنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ، كېڭەيتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كارخانىلاردىن ھەق ئېلىشقا نىسبەتەن رېۋىزىيە، مۇپەتتىشلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاخبارات، جامائەت پىكرى ۋە جەمئىيەت كۈچىنىڭ نازارەت رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

(5) كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ كىرىمى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولۇپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، جەمئىيەتتە بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن گەپ-سۆزلەر بىرقەدەر كۆپ بولماقتا. ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچىدىن، بىر قىسىم كەسىپتىكىلەرنىڭ كىرىمى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولماقتا؛ ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ كىرىمى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ پەرقى ھەددىدىن ئارتۇق چوڭىيىپ بارماقتا؛ ئۈچىنچىدىن، مىللىي دارامەتنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدا شەخسلەرگە ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى كارخانىنىڭ ئۈنۈمى بىلەن ھەقىقىي رەۋىشتە باغلانماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. قانداق قىلىپ ئۈنۈم بىلەن ئادىللىققا تەڭ ئېتىبار بېرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى تەقسىمات مېخانىزمىنى ئورنىتىش تېزدىن ئىزدىنىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىۋاتقان مۇھىم مەسىلىدۇر.

(6) بازار، مەبلەغ، ئۈنۈمنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى تەڭشەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

كېيىنكى يېرىم يىلغا قەدەم قويغاندىن بېرى، مۇۋاپىق قىسىشتىن ئىبارەت ماكرو سىياسەتتە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، دۆلەت بىر قاتار مىكرولۇق تەڭشەش تەدبىرلىرىنى، مەسىلەن قەرز بېرىش كۆلىمىنى كۆپەيتىش، بانكىلارنىڭ ئامانەت-قەرز ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، خۇشال-خۇرام ياشاش قۇرۇلۇشىغا پۇل قەرز بېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇشنى تېزلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى بىرنەچچە ئايلىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن پايدىلىق. ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە بازار مەسىلىسى يەنىلا بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇپ تۇرماقتا، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى بازارنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتماقتا، مەبلەغ قىس بولۇش زىددىيىتى يەنىلا مەۋجۇت بولماقتا، ئۈنۈمنىڭ چۈشۈپ كېتىش مەسىلىسى تۈپ نېگىزىدىن ھەل بولمىدى، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى

تەشكىللەشنىڭ قېينىلىق دەرىجىسى يەنىلا ئىنتايىن يۇقىرى بولماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى ھەر تەرەپلىمە تەڭكەشلەشتۈرۈش خىزمىتى چوقۇم بازار، مەبلەغ، ئۇنۇمدىن ئىبارەت ئۈچ ھەل قىلغۇچ ھالقىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبوروتنى، ئىچكى سودا بىلەن تاشقى سودىنى ئوبدان باغلاپ، بازارلىق مەھسۇلاتلارنى كۆپ ئىشلەپ چىقىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئېكسپورتنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، ئېكسپورتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلەش-ئامباردىكى ماللارنى ئازايتىش ئىشىنى ئوبدان ئىشلەپ، مەبلەغنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىشتىكى ”ئىككىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشى“نى ياخشى ئېلىپ بېرىش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنى تەشكىللەش، «سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تېزىسى»نىڭ تەلپى بويىچە، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشىنى ھەقىقىي رەۋىشتە سۈپەت ۋە ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ھەقتە ئىككى نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن. بىرىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى ئىچىدىكى ئەركىن مەبلەغنى تولۇقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. كارخانا تۇراقسىز مۈلكىنىڭ قەرزدار بولۇش نىسبىتىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى بولۇشى كارخانا مالىيە چىقىمىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، تەننەرخىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ نۆۋەتتە دۆلەت كارخانىلىرى ئومۇميۈزلۈك دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، بىر تەرەپتىن دۆلەت بىر قىسىم سىياسەت خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كۆپرەك مەبلەغ سېلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن كارخانىلارمۇ ئامال ئىزدەشلىرى كېرەك. مەسىلەن، نۆۋەتتە كارخانىلار ئاجرىتىۋاتقان ئامورتىزاتسىيە پۇلى بىر قەدەر كۆپ بولۇۋاتىدۇ، بىر قىسمىنى ئەركىن تۇراقسىز مەبلەغنى تولۇقلاشقا ئىشلىتىپ، ئۆسۈم يۈكىنى يېنىكلىتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئادەم سانىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، ئاجرىتىشقا بولىدىغانلىكى ئارتۇقچە خادىملارنى چوقۇم ئاجرىتىپ چىقىرىۋېتىش، ۋاقتىنچە ئاجرىتىشقا بولمىغانلىرىنىمۇ ئاۋۋال ئىشتىن توختىتىپ تۇرۇپ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىش ئورنىغا بېرىشقا رىقابەتلىشىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. يېڭى قۇرۇلغان تۇرلەر، يېڭى كارخانىلارلا بولسا، چوقۇم يېڭى مېخانىزم، يېڭى ئۇسۇل قوللىنىشى، يېڭى يول تۇتۇشى كېرەك.

كارخانىنىڭ قېيىنچىلىقى قانچە زور بولسا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى شۇنچە كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە ئېلىپ بېرىپ، ”ھەر ئىككىلا قولدا چىڭ تۇرۇش“تا چىڭ تۇرۇش كېرەك. سىياسىي جەھەتتە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا دىققەت قىلىپ، تۈزۈم جەھەتتە

ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگەللىشىگە ۋە كارخانا باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كارخانا ئىشچى-خىزمەتچى ئاممىسىنىڭ كارخانىنىڭ تىجارەت تەدبىرلىرىگە بولغان ئۇنۇملۇك نازارىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنى دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسنى ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ياخشى كەسپىي ئەخلاقنى يېتىشتۈرۈپ، ئاكتىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتەك روھىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، خوجايىنلىق ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىشكە، پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىشقا يېتەكلەش كېرەك. كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك، بەنزە ئەزالىرى بىر-بىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى، بىر نىيەت-بىر قەلبتە ئورتاق تىرىشىپ كارخانىنى ياخشىلىشى لازىم. رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى ئۈلگە بولۇپ نەمۇنە يارىتىشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ئۆزلىرى ئالدى بىلەن قىلىشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، بىر نىيەت-بىر قەلبتە بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، كارخانىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

خەلق ئىگىلىكىمىز كونا-يېڭى تۈزۈلمىلەر يەڭگۈشلىنىۋاتقان مۇھىم مەزگىلدە تۇرماقتا، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىمۇ مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. كېلەر يىلى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ كۈچى يەنىمۇ ئاشىدۇ، ۋەزىيەت تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار بالدۇرراق پىلان تۈزۈپ، بالدۇرراق ھەرىكەتلىنىپ، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە، كېلەر يىل ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشى، شەرت-شارائىت يارىتىشى كېرەك. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ئاستىدا، پەقەت بىز ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىپ، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تەدبىركار بولۇپ، پۇختىلىق بىلەن ئىشلەيدىغانلا بولساق، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىنى ياخشى يولغا قويغىلى، چوقۇم ياخشىلاپ كەتكىلى بولىدۇ.

**رىسالەت ئابلا**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**

**كامىلجان تۇرسۇن**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# هازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى

## ——دىڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىرات

**لى تىيىڭ**

جۇڭگودا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يۈز بېرىشى ھەم ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرەققىي قىلىشى مۇشۇ ئەسىر، بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 1/4 مەزگىلىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ بىرى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلغان بۇ ئىسلاھات دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىياتىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئېچىپ بەردى. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نەزەرىيە ئاساسى——يولداش دىڭ شياۋپىڭ بەرپا قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى. يولداش دىڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىنى سىياسىي يۈكسەكلىكتە، ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە، سوتسىيالىستىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ بايان قىلغان. دىڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى——ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەزمۇنى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىدۇر.

يولداش دىڭ شياۋپىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت سوتسىيالىزمنىڭ بۇ ئەڭ ئاساسىي تەلىپىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىي ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇردا بولىدىغان سەزگۈرلۈك ۋە شىجائەت بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇپەسسەل بايان قىلدى. بۇ بايانلار نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان ئىدىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، جۇڭگودەك مۇشۇنداق ئىقتىسادى قالاق چوڭ شەرق دۆلىتىدە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەنگە ئوخشاش زور تارىخىي مەسىلىلەرگە ئىلمىي ھەم چوڭقۇر ھالدا جاۋاب بېرىپ، ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش، يېپىق ئىگىلىكتىن ئوچۇق ئىگىلىككە ئۆتۈش، تەرەققىي قىلمىغان ئىگىلىكتىن تەرەققىي قىلغان ئىگىلىككە ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بەردى. دىڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، ھەم ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇنى ھەقىقىي

ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە تەتبىقلاش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## (1)

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. نەزەرىيە مەنتىقىدىن قارىغاندا، ئۇ سوتسىيالىزمنى قايتا تونۇغان ئاساستا، "سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك" دېگەن ئەمەلىي تېمىنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا ھەر جەھەتتىن بايان قىلىنغان.

سوتسىيالىزمنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بارلىق توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزىنى ئىلمىي يوسۇندا تونۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم. نۇرغۇن يولداشلار، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە دېگەن مەسىلە ئاللىبۇرۇن ھەل بولغان، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن 100 نەچچە ئون يىل ئىلگىرىلا، ماركس، ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» قاتارلىق مۇھىم ھۆججەتلەردە بۇ مەسىلىگە قارىتا نۇرغۇن بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ بايانلار نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىنغان سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلغىنىغا 80 يىلغا يېقىن بولغان. لېكىن يولداش دېڭ شياۋپىڭ دەل بۇ مەسىلە دەپ قارالمايدىغان مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇ تارىخىي ماتېرىيالىزم يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئۆتۈپ كەتكەن سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، ماركسىزم دېگەن نېمە؟ ئىلگىرى بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشىمىز تازا ئوچۇق بولماي قالغان." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 128-بەت) "بىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يۆنىلىشىمىز پۈتۈنلەي توغرا، لېكىن، بىز سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەكلىكى ئۈستىدە تېخى ئىزدىنىۋاتىمىز." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 467—468-بەتلەر) ئۇ كۆپچىلىكنى ئاگاھلاندۇرۇپ: بىزنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىمىز خېلى كۆپ، ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، دەپ كۆرسەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بايانلىرى ماركسىزملىق تەرەققىيات قارىشى بىلەن ئەمەلىيەت نەزەرىيىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇ بىلىش تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ماس كېلىپلا قالماي، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ تەلىپىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بىلىش جەھەتتىن قارىغاندا، ماركس، ئېنگېلسلار ھەققانىي سوتسىيالىزمنىڭ تەبىرىنى بايان قىلغان، بۇنداق ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئاساس قىلىپ بېرىلگەن تەبىرنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن توغرا، ئىلمىي بولۇشى شۈبھىسىز. بىراق، شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۇلار تېخى قۇرۇلمىغان سوتسىيالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى

ئۇنچىۋالا كونكرېت ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇلار بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ۋەزىپىسى دەپمۇ قارىمايتتى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار "بۇ توپ قائىدىلەرنىڭ ئەمەلدە تەتبىق قىلىنىشى... ھەرقاچان، ھەر يەردە شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتقا باغلىق" دەپ تەكىتلىگەن («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 396-بەت). ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لېنىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "بىز ماركس ياكى ماركسىزمچىلاردىن سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشتىكى بارلىق كونكرېت ئەھۋاللارنى بىلىشنى تەلەپ قىلمايمىز. بۇ، خام خىيال. بىز پەقەت بۇ يولنىڭ يۆنىلىشىنىلا بىلىمىز، بىز پەقەت قايسى سىنىپىي كۈچنىڭ بۇ يولغا باشلايدىغانلىقىنىلا بىلىمىز؛ ئەمەلىيەت جەريانىدا كونكرېت قانداق مېڭىشقا كەلسەك، ئۇنى پەقەت مىليونلىغان-ئون مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتكە كەلگەندىن كېيىن ھاسىل قىلغان تەجرىبىسى كۆرسىتىپ بېرىدۇ." («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 32-توم، 111-بەت) سوتسىيالىزم دېگەن رېئال سوتسىيالىزم، رېئال سوتسىيالىزم بولسا ھەمىشە تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سوتسىيالىزم. تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سوتسىيالىزمنى تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بىلەنلا ئېنىق تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، نېمىنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىدا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، بىر قاتار سەۋەنلىكلەرمۇ كۆرۈلدى، باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ تەرەققىيات جەريانىدا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزدى، بۇمۇ بىزنىڭ سوتسىيالىزم دېگەن نېمە دېگەن مەسىلىنى ئېنىق تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم.

سوتسىيالىزم دېگەن نېمە دېگەن مەسىلىنى تونۇشتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئالاھىدە تۆھپىلىرىدىن بىرى سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ كونكرېت ئەندىزىسىنى پەرقلەندۈرگەنلىكىدە. سوتسىيالىزم ئۆزىگە خاس سۈپەت بەلگىلىمىلىرىگە ئىگە، بۇ بەلگىلىمىلەر سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىنى ھاسىل قىلغان، بۇ ئومۇمىي خاراكتېر ھازىرلانمىسا، سوتسىيالىزم بولالمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ياخشى تۈزۈم، ئۇنىڭدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش لازىم، دەپ تەكىتلىگەن. بۇ يەردىكى چىڭ تۇرۇش دېگىنى سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئومۇمىي بەلگىلىمىلەردە چىڭ تۇرۇش دېمەكتۇر. بىراق، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئومۇمىيلىق ئايرىملىق ئىچىدە بولىدۇ، سوتسىيالىزم ھامان كونكرېت، ئۆز ئالاھىدىلىكى بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ مول مەزمۇنلۇقمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تازا ئېنىق بىلمەسلىكىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى سوتسىيالىزم پرىنسىپلىرىنىڭ ئومۇمىيلىقى بىلەن سوتسىيالىزم ئەمەلىيەت ئەندىزىسىنىڭ كۆپ خىللىقىنى پەرق ئېتەلمىگەنلىكىمىزدە. ئۇزاقتىن بۇيان، كونكرېت ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلماي، سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيىتىنى بىرلا ئۆلچەم بىلەن تەلەپ قىلىپ، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىدىغان، تارىخىي شەرت-شارائىتتىن ھالقىپ كېتىدىغان بەزى

سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللىنىش نەتىجىسىدە، كۆزلەنگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەيلا قالماي، دەسلەپكى قەدەمدە ئاساسقا ئىگە بولغان سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارغىمۇ ئۇچراتتۇق. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى چۈشەندۈردىكى، ”ئۆز ئالاھىدىلىكى“ بار سوتسىيالىزملا مۇۋەپپەقىيەتلىك سوتسىيالىزم ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى يەنى ھازىر بار بولغان ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ئاساس، تۇرۇۋاتقان تارىخىي باسقۇچ قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللارنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىز لازىم.

سوتسىيالىزم دېگەن نېمە دېگەن مەسىلىنى تونۇش جەھەتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تۆھپىسى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى توغرا ئىگىلىگەنلىكىدە. بۇ، سوتسىيالىزمنى ئىلمىي تونۇشنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ فاڭجېنىنى تاللاش، كونكرېت تەدبىرلەرنى بېكىتىشنىڭ تۈپ ئاساسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى جەمئىيەت ۋە دەۋر تەرەققىياتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىگىلىگەن. ئالدى بىلەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتىكى، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت، سوتسىيالىزمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ قىممىتى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ كاپىتالىزمنىڭكىدىن تېزراق، يۇقىرىراق بولۇشىدا ئىپادىلىنىشى لازىم. سوتسىيالىزم نامرات پېتىچە تۇرىۋەرسە، ئۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باشقا جەمئىيەتنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنى يارىتىش سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەر ۋەزىپىسى بولۇشى لازىم. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىق ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا خەلقنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش-ياخشىلىيالماسلىق سوتسىيالىزمنىڭ ھايات-ماماتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بىراق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ئەمەس، تەرەققىي قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بولسىلا، سوتسىيالىزمنى قۇرۇپ چىقتۇق دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: ”ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش يولىنى تۇتماي، ئورتاق بېيىش يولىنى تۇتۇش—سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى“ دەپ كۆرسەتتى («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، 251-بەت). شۇنداق قىلىپ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىردەكلىكى نۇقتىئىنەزىرىنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئىككى تۈپ پرىنسىپىنى بايان قىلدى: بىرىنچىسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىككىنچىسى، ئورتاق بېيىش. مۇشۇ ئاساستا، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى مۇنداق دەپ تولۇق بايان قىلدى: ”سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 777-بەت) بۇ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر ھەم توغرا ئېچىپ بېرىپ، سوتسىيالىزمنى باشقا تۈزۈمدىن، بولۇپمۇ كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن روشەن ھالدا تۈپتىن پەرقلەندۈرۈپ بەردى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نېمىنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىلمىي بايانلىرىدا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب تۈپ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە سىنىپىي كۈرەشنى توتقا قىلىش لازىم دېگەن نەزەرىيە تۈپتىن ئىنكار قىلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەندى، بۇ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنىڭ ئۇلى بولۇپ قالدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد توغرىسىدىكى بارلىق بايانلىرىنىڭ ھەممىسىدە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىگە بولغان ئىلمىي تونۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنغان، بۇ ئىلمىي تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيە سىستېمىسى ئىلمىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىغا ئايلىنىپ قالدى.

(2)

ئەگەر "سوتسىيالىزم دېگەن نېمە" دېگەن مەسىلە توغرىسىدىكى بايانلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا پىلان بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدىكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى بايانلار ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنىڭ غولى ۋە يادروسى دېيىلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ زامانىمىزدىكى ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىسادقا قوشقان زور تۆھپىسى، ئۇنىڭ پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاستىدىن ئىبارەت، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى ئېچىپ بەرگەنلىكىدۇر.

ئۇزاقتىن بۇيان، بۇرژۇئاچە ئىقتىسادشۇناسلىقمۇ، ماركسىزملىق ئىقتىسادشۇناسلىقمۇ بازار ئىگىلىكىنى سوتسىيالىزم بىلەن سىغىشالمايدۇ دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ماركسىزم كلاسسىكلىرى، كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، بىۋاسىتە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ھەم بىۋاسىتە تەقسىمات بارلىق تاۋار ئالماشتۇرۇشلارنى چەتكە قاقىدۇ، مەشھۇر "قىممەت" ئۇنىڭغا قول تىقالمايدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى؛ غەرب ئەللىرىدىكى بۇرژۇئازىيە ئىقتىسادشۇناسلىرى بولسا، بازار — كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ يادروسى، كاپىتالىزمنىڭ ماھىيىتى، ئۇنى پەقەت كاپىتالىزم شارائىتىدىلا يۈرگۈزگىلى بولىدۇ؛ سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئۇنى "سۈنئىي ھالدا" تەقلىد قىلىپ يولغا قويۇشقا بولمايدۇ، ئىككىنىڭ بىرى: سوتسىيالىزم بولىدۇ، ئۇ ھالدا پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلىدۇ؛ يا بازار ئىگىلىكى بولىدۇ، ئۇ ھالدا سوتسىيالىزمدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇرژۇئازىيە ئىقتىسادشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، بازار ئىگىلىكى كۆپ ھاللاردا كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، پىلانلىق ئىگىلىك بولسا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ كەلگەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ كونا چۈشەنچىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ

مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بازار ئىگىلىكى كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىلا مەۋجۇت، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىلا بار دېيىش جەزمەن توغرا ئەمەس.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 510-بەت) ”پىلاننىڭ كۆپرەك بولۇشى ياكى بازارنىڭ كۆپرەك بولۇشى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس. پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزمغا باراۋەر ئەمەس، كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بولىدۇ؛ بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا باراۋەر ئەمەس، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بولىدۇ. پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاستە.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 777-بەت) ئۇ سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، بازار ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم، دەپ تەكىتلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ مۇپەسسەل بايانلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىگە ئاساس سالدى، ئۇ ماركسىزملىق ئىقتىسادىي نەزەرىيىنى زور بىر قەدەم ئالغا سۈرۈپ، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن چوڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلدى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىلمى دېيىشكە بولىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەلىماتى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رېئال ئىقتىسادىي ئەمەلىيەتنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئاساس قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە بىنائەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قانداق ئازاد قىلىش ۋە قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىدىغان تەلىماتتۇر. گەرچە بۇرۇن ماركسىزملىق ئىقتىسادشۇناسلىقمۇ، غەرب بۇرژۇئازىيە ئىقتىسادشۇناسلىقمۇ، پىلان بىلەن بازار بىر-بىرىگە سىغىشالمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا، پىلان بىلەن بازار ئۆزئارا سىڭىپ كېتىدىغان يېڭى ئەھۋال كۆرۈلدى. پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويغان سوۋېت ئىتتىپاقى قىسقا مۇددەت ئىچىدە بىر سەكرەپلا دۇنيادىكى سانائەتلەشكەن كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان، بۇ ھال بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويغان غەرب ئەللىرىنىڭ ئەسىر خاراكتېرلىك چوڭ ئىقتىسادىي كرىزىسقا پېتىپ قالغانلىقى (1929—1933) بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا پىلاننى كىرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى؛ كېيىن، بازار ئىگىلىكىنى چەتكە قاقىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىدىكى ئىللەتلەرنىڭ كۈنسېرى ئاشكارىلىنىپ چىقىشى يەنە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بازارنىڭ تەڭشەش رولىنى كىرگۈزۈش ۋە كېڭەيتىش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولدى. رېئال ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر نەزەرىيىدىمۇ ئەكس ئەتتى. غەربنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەسىدە ”كېينىس ئىنقىلابى“ يۈز بەردى، دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىقتىسادىي تەلىمات بىلەن بازارنىڭ تەڭشىشىنى كېڭەيتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىقتىسادىي تەلىمات نۆۋەت بىلەن يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان ئىقتىسادىي نەزەرىيىگە ئايلىنىپ قالدى، ھەمدە ئۇلار بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزئارا بىرلەشتى؛ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم ئىقتىسادشۇناس-

لارمۇ بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى چەكلىك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئالاھىدە يېرى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن پىلان، بازار بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈم ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىشنىڭ يوقلۇقىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ”ۋاستە“ ۋە ”ئۇسۇل“ بولۇش خاراكتېرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىدە.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ماركسىزم قائىدىلىرىنىڭ ئىلمىي قوللىنىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى يەنى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى بەلگىلەيدۇ دېگەن قائىدە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىسىدۇر. ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسلانغاندا، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان ۋە يېڭى يولنى تۇتىدىغان جەمئىيەت سۈپىتىدە تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ تەرەققىي تاپقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ”ئومۇمىي پىلان بويىچە“ ئېلىپ بېرىش يولىغا سالىدۇ. لېكىن، ئۇلار كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى لايىھىلىمىگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيدانىنى چىقىش قىلىپ، ماركسىزم قائىدىلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا قوللىنىپ، رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ تاللىنىشىغا ۋە پىلان بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان ھەل قىلغۇچ تەسىرىنى كۆرسەتتى ھەمدە سوتسىيالىزمنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەھۋالىغا ئاساسەن بازار مېخانىزمىنى قوللىنىش كېرەك دېگەن يەكۈننى چىقاردى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ كۆزدە تۇتۇلغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى، لېكىن، خۇددى ئۇنىڭ ئۆزى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ”بىز ئىلگىرى پىلانلىق ئىگىلىكنى ئىزچىل يولغا قويۇپ كەلدۇق، لېكىن كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، پىلانلىق ئىگىلىكلا يولغا قويۇلسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بوغۇلۇپ قالىدۇ.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 302-بەت) دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، نەچچە ئون يىللىق ئىقتىسادىي ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بازار مېخانىزمى بايلىقنى تەقسىملەش جەريانىدا ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە پىلاننى بايلىقنى تەقسىملەشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى قىلىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاستىدىكى مۇھىم ئورنىنى تىكلىدى،

شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى بەلگىلىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن، گەرچە مەملىكىتىمىزدە ئون نەچچە يىللىق ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىغا مەلۇم دەرىجىدە بازار مېخانىزمى كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، كىشىلەرنىڭ بازار مېخانىزمى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تونۇشىدا تۈپ خاراكتېرلىك بۆسۈش بولمىغانلىقتىن، پىلان بىلەن بازارنى بىرلەشتۈرۈشكە بولامدۇ-يوق، پىلاننىڭ رولى چوڭراقمۇ ياكى بازارنىڭ رولى چوڭراقمۇ، بازار ئىگىلىكىنى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە بولامدۇ-يوق، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش-تارتىش زادىلا توختىمىدى، شۇ سەۋەبتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش نىشانىنى تۇرغۇزۇش مۇمكىن بولمىدى، ئىسلاھاتتا ھالقىلىق قەدەمنى بېسىشمۇ مۇمكىن بولمىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بايانلىرى بازار ئىگىلىكى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىكى قويۇق تۇماننى تارقىتىۋېتىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈردى. يولداش جياڭ زېمىن 1992-يىل 9-ئايدا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە قىلغان سۆزىدە جۇڭگودا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش لازىملىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش—جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى، دەپ ئېنىق بەلگىلىدى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە پىلانىنى ئەتراپلىق ھەم كونكرېت ھالدا سۈرەتلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى زور دەرىجىدە تېزلەشتى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنى مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىشى ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يەنىمۇ ئازاد بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ، جۇڭگو ئىگىلىكى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ساغلام راۋاجلىنىدۇ، ئۇلۇغ دۆلىتىمىز تېخىمۇ تېز قەدەملەر بىلەن گۈللىنىش ۋە قۇدرەت تېپىش يولىغا ماڭىدۇ.

**(3)**

سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي بىلىش ئاساسىغا قويۇلغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى يادرو قىلىنغان دېڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنى كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇپ،

ئۇ مۇكەممەل سىستېما بولۇپ شەكىللەندى.

**بىرىنچى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** ھازىرقى زامان جۇڭگو سوتسىيالىزمىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىلمىي ھالدا تونۇش توغرا سىياسەت ۋە كۈرەش نىشانىنى بەلگىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دۆلىتىمىز ھازىر يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ دەسلەپكى باسقۇچ ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بىز بارلىق خىزمەتلىرىمىزدە مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشىمىز، مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن سىياسەت ۋە پىلانلارنى تۈزۈشىمىز لازىم.

**ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەردە چىڭ تۇرۇشنىڭ ھالقىسى پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئاساسىي لۇشيەن يۈز يىلغىچە دەۋر سۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. مۇشۇ لۇشيەندە چىڭ تۇرغاندىلا، خەلق ئاندىن بىزگە ئىشىنىدۇ، بىزنى ھىمايە قىلىدۇ. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى كىم ئۆزگەرتىدىكەن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى كىم ئۆزگەرتىدىكەن پۇقرالار يول قويمايدۇ-دە، ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

**ئۈچىنچى، تەرەققىياتنىڭ چىڭ قائىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ بىر قەدەر ئارقىدا قالغانلىقىدىن ئىبارەت، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم، قايتا-قايتا تەكىتلەپ، ”تەرەققىيات — چىڭ قائىدە“ دەپ كۆرسەتتى. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇشىمىز، خەلق ئىگىلىكىنى تېزراق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىرنەچچە يىلدا بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. نامراتلىق سوتسىيالىزمغا خاس ئەمەس، تەرەققىياتنىڭ بەك ئاستا بولۇشىمۇ سوتسىيالىزمغا خاس ئەمەس. تەرەققىيات مەسىلىسى سوتسىيالىزمنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىگە ياكى چۈشكۈنلىشىشىگە، خەلق قەلبىنىڭ مايىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك. بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە، باش كۆتۈرمەي جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك.

**تۆتىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە بىز ئۈچۈن ”ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش“تىن ئىبارەت ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىمۇ تۈزۈپ بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تاللىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

80-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى قەدەم بويىچە مېڭىش، ئالدىنقى ئون يىلدا بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، كېيىنكى ئون يىلدا يەنە بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش، مۇشۇ ئاساستا يەنە 50 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يەنە ئىككى قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىش. بۇ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەندىزىسىنى بەلگىلىدى.

**بەشىنچى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ قايتا-قايتا تەربىيە بەردى: ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋە قىلىش بىزنىڭ چىڭ تۇرۇشىمىز شەرت بولغان سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىدۇر. بىز ئىسلاھاتتا ھەم ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرساق، ھەم ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى پەيدا قىلماسلىققا دىققەت قىلساق، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرغان بولىمىز. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش مەسىلىسىدە قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇش سوتسىيالىزمغا ئىنتايىن پايدىلىق.

**ئالتىنچى، ئورتاق بېيىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش-ئاشۇرماسلىقنى سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمدىن پەرقلىنىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكى دەپ قارىدى. ئۇ روشەن قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى ئورتاق بېيىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى يولغا قويماسلىق. سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئورتاق بېيىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەككە تايىنىپ بېيىشنى تەشەببۇس قىلىپ، باي بىلەن نامراتلارنىڭ پەرقى تولىمۇ چوڭىيىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. لېكىن ئۇ شۇنى تەكىتلىدىكى، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىدۇر. ئورتاق بېيىش ھەرقايسى جايلارنىڭ، شۇنىڭدەك بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تەڭ بېيىشىدىن، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى يولغا قويۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. تەڭ تەقسىماتچىلىقنى يولغا قويۇش، "داش قازاننىڭ ئېشىنى تەڭ يېيىش" ئورتاق نامراتلىششىنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ، بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش، كېيىن باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىنى ۋە باشقا رايونلارنى بېيىشقا يېتەكلەش، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش لازىم.

**يەتتىنچى، ئىسلاھاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ**

**مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مۇقەررەر يول ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىق بىر ماددا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى تاشلاپ قويماسلىق. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىسلاھات—جۇڭگودىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب. بۇ ئىنقىلاب خاراكتېر جەھەتتە ئىلگىرىكى ئىنقىلابلارغا ئوخشايدۇ، ئۇمۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جۇڭگونى نامراتلىقتىن، قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، شۇڭا ئىسلاھاتنى ئىنقىلاب تۈسىنى ئالغان ئۆزگەرتىش دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. پەقەت ئىسلاھات ئارقىلىقلا ئەنئەنىۋى كونا تۈزۈلمىنى چۆرۈپ تاشلىغىلى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت يېڭى تۈزۈلمىنى بەرپا قىلغىلى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**سەككىزىنچى، مۇقىملىقنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بارمايدىكەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قىيىنغا توختايدۇ. لېكىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم مۇقىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى كېرەك. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى يولغا قويۇشنىڭ ھالقىسى مۇقىملىقتىن ئىبارەت. مۇقىم مۇھىت بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، ھەتتا قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ قولدىن كېتىپ قالىدۇ. مۇقىملىق—ئىسلاھاتنىڭ، تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا ئالغا بېسىش، تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاساسى.

**توققۇزىنچى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەرقانداق دۆلەت تەرەققىي تاپماقچى بولىدىكەن، بېكىنمىچىلىك يولىنى تۇتسا بولمايدۇ، ئىلگىرىكى 300 يىل ئىچىدە بېكىنمىچىلىك يولىنى تۇتقاچقا، جۇڭگو نامراتلىق، قالاقلىق، نادانلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىپ، تارتمىغان ئازاب-ئوقۇبىتى قالمىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كونا تۈزۈلمىلەرگە ۋە ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلارغا زەربە بېرىپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىنسانلار جەمئىيىتى ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى، كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىجتىمائىيلاشقان زامانىۋى يىرىك ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكىللىرىنى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش لازىم. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتمىگەندە، ئىسلاھاتنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۆزى ئەڭ زور ئىسلاھاتتۇر.

**ئونىنچى، "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش"نى ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياكى مەغلۇپ بولغانلىقىنى سىنايدىغان ئۆلچەم قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىدا قەدەمنى دادىلراق تاشلاش، توغرىلىقىغا كۆز يەتكەن ئىشلارنى

دادىللىق بىلەن سىناق قىلىش، دادىللىق بىلەن يول ئېچىش لازىم، تالاش-تارتىش قىلماسلىق، ئامىمىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئۇ ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياكى مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان تۈپ ئۆلچەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن-سۈرمىگەنلىكىدىن ئىبارەت، دەپ كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. 1992-يىلى جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە يەنىمۇ مۇكەممەل قىلىپ، ”ئۈچكە پايدىلىق بولۇش“نى ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياكى مەغلۇپ بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ”ئۈچكە پايدىلىق بولۇش“تا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ”ئۈچكە پايدىلىق بولۇش“ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرمىغاندا، ئىدىيىدە ئازاد بولغىلى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

**ئون بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مۇقىملىقىنىڭ ھالقىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مەسىلىسىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ، يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى دەيدىغان ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇ بايرىقى روشەن ھالدا دېھقانلارنىڭ مەھسۇلاتقا باغلاپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قوللىدى، ھەمدە يېزىلاردا مەھسۇلاتقا باغلاپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنى خاتىرجەم قىلىپ كەلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە دېھقانلارنىڭ بېيىشى مەسىلىسىنى سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ كۆزىتىپ، جۇڭگونىڭ مۇقىم بولۇش-بولماسلىقىغا قاراشتا، ھەممىدىن ئاۋۋال پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان يېزىلارنىڭ مۇقىم بولۇش-بولماسلىقىغا قاراش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، شەھەر بىلەن سانائەت يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

**ئون ئىككىنچى، پەن-تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىلمىي تونۇش ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئىگىلەش ئاساسىدا، پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن دانا ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەن-تېخنىكا ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا ماركسىزمنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئىجابىي يوسۇندا راۋاجلاندۇرغانلىقى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە مائارىپ ۋە ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقىنى ئېچىش مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ئۇ، بىر مىليارد ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلەتتە مائارىپ يۈكسەلدۈرۈلسە، ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقى جەھەتتىكى غايەت زور ئەۋزەللىكى ھەرقانداق دۆلەتنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئىقتىسادىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، بەلكى ھەر تەرەپتىن جەمئىيەتتىن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي تەرەپلەردىن ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى شەرھلىگەن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسى ھامان باشقا ئىدىيە، نەزەرىيىلەر بىلەن ئورگانىك ھالدا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئۇ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى شەرھلىگەن ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زادىلا ئۇنتۇمىدى، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرگە تۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئىقتىسادىي خىزمەتنى بايان قىلغان ۋاقىتتا، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى زادىلا ئۇنتۇمىدى، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ۋەھاكازالار. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسى سىياسىي ئىدىيە بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ، بۇ—يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىدۇر.

**(4)**

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرستىپ بەردى، ئۇ بىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ چوڭ-چوڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالىمىزدۇر.

يولداش جياڭ زېمىن 14-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك شەرھلىدى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «تەكلىپ»ىدە: ”پۈتكۈل كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى كېرەك، ئۇنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت“ دەپ چاقىرىق قىلدى. بۇ يىل 3-ئايدا يولداش جياڭ زېمىن 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنىدا قايتا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن ئىدىيىمىزنى قوراللاندۇرۇش، خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشتا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، مۇشۇ تۈپ سىياسىي مەسىلىدە ھەرقانداق ۋاقىتتا قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا ۋە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.“ بىز مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنى بىلىپ ۋە ئىگىلەپ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىپ، خىزمەتلىرىمىزدە خاتالىق سادىر قىلماي ياكى خاتالىقنى ئازايتىپ،

سوتسيالستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى ھەقىقىي ئىگىلەشتە، سىستېمىلىق ئۆگىنىش كېرەك، ئالدى بىلەن ئەسلى ئەسەرلىرىنى كۈچ سەرپ قىلىپ ئوقۇش كېرەك. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇلۇغ بىر نەزەرىيىۋى خەزىنە بولۇپ، ئۇنىڭدا سوتسيالىستىك ئىقتىساد توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان مول مەزمۇنلۇق نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەر بار. گەرچە كىتاب ئاددىي، يىغىنچاق سۆزلەر بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، نەزەرىيىۋى مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئاسانلا بىر ئىش ئەمەس. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بولۇپ، ئۇنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ۋە جەۋھىرىنى ئىگىلەپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەلۇم كونكرېت نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ھەقىقىي چۈشەنگىلى بولىدۇ. سىستېمىلىق ئۆگىنىش دېگەنلىك، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بەزى كونكرېت نۇقتىئىنەزەرلىرىنى مۇناسىپ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئالاقىدار بايانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇشۇ كونكرېت ھۆكۈملەرنىڭ پۈتكۈل ئىدىيىۋى سىستېما بىلەن بولغان دىئالېكتىك ئالاقىسىنى ئەتراپلىق ئىگىلەشتىن ئىبارەت.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئەمەلىيەتچىللىكىدە. بۇ ئىدىيە ئەمەلىيەتتىن كەلگەن ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقا تەتبىق قىلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بولۇپمۇ قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش كېرەك. مەسىلەن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاجىز ھالقىسى بولغان يېزا ئىگىلىكىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى، بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى قىيىنچىلىقىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى، شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى قانداق تەڭشەش مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، بىزنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكچىنى تېپىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار بولۇپمۇ ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىنى قىلىدىغان يولداشلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر قاتار نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى ۋە ئىچكى باغلىنىشىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەۋېلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى مەيدانى، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلىنىمۇ ئىگىلىۋېلىشى كېرەك.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شەكىللەنگەن چوڭ-چوڭ فاڭجېن، سىياسەتلەردە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى جۈملىدىن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ

ئىقتىسادىي ئىدىيىسىدىكى بەزى كونكرېت ھۆكۈملەر توغرىدىنتوغرا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىگە يېزىپ كىرگۈزۈلگەن، بەزىلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە گوۋۇيۈەنىنىڭ ھۆججەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى ھەقىقىي ئىگىلەش ئۈچۈن پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنىڭ روھىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ھالدا ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىگىلەش كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسى ئەمەلىيەتتىن كەلگەن، شۇنداقلا ئەمەلىيەت داۋامىدا يەنىمۇ راۋاجلىنىپ بارىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىرقەدەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش جەريانىدۇر، بۇ ئىزدىنىش جەريانىنىڭ ئاياقلاشقىنى يوق. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىمۇ مۇقەررەر ھالدا مۇشۇ ئىزدىنىش جەريانىغا، يەنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىغا ئەگىشىپ، يەنىمۇ راۋاجلىنىپ ۋە بېيىپ بارىدۇ. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئەمەلىيەتكە دادىل ئاتلىنىدىغان روھىنى ئۆگىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشنى ئېلىپ بېرىپ، ئۈنۈملۈك بولغان ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈشىمىز ھەمدە نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي نەزەرىيىنى بېيىتىشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە، مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى مەملىكىتىمىز «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، "ئىككى بۇرۇلۇش"نى تېزلىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. بىز ئىنتايىن ھاللىق پەيتتە تۇرماقتىمىز. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى.

**خۇدابەردى خېلىل**
**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 02>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V　刊号:ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号:2—373　定价:1.80元　邮政编码100013